

# هاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان

# پەلسەپىۋى مەسەللەر

هاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسەللەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان

# پەلسەپىۋى مەسىلەر

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايگۈل ئابلىمىت
ئېلىجان ئانايەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

影响一生的哲理寓言 / 陈书凯编；艾力江·阿纳亚提，阿依古丽·阿布里米提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3（2013.11 重印）

ISBN978 - 7 - 228 - 09924 - 5

Ⅰ. 影… Ⅱ. ① 陈… ② 艾… ③ 阿… Ⅲ. 寓言 — 作品集 — 古希腊 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第021709号

策划编辑　阿地力江·阿布都沙拉木
责任编辑　依明江·艾木都拉
责任校对　热娜古丽·阿布里米提，米丽古丽·吾布里
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话　0991-2827472
邮　　编　830001
印　　刷　新疆新华印刷二厂
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米 32开本
印　　张　5.125
版　　次　2006年8月第1版
印　　次　2013年11月第5次印刷
印　　数　12001—16000
定　　价　9.30 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

يول بويىدىكى پاقا بىلەن ئېتىزلىقتىكى پاقا.................1
ئىككى چاشقان ........................................3
يولۇچىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى..............................6
سارنى كەپتەرگە ئايلاندۇرۇش..............................8
قۇلىقى ئېغىر ئېشەك.......................................10
قارىغاي مېۋىسى ۋە كاۋا...................................12
پوچى تۈلكە................................................14
ئېشەك بىلەن قېچىر........................................16
كېسەل داۋالاش............................................18
ئاچقۇچ......................................................20
ئىلاھنىڭ قايغۇسى..........................................22
چاشقان بىلەن بۇقا.........................................24
بۆرە كەلدى.................................................26
پاقا بىلەن قۇلۇلە...........................................28
ھەسەل ھەرىسى بىلەن چىۋىن...............................30
ئۆچكە بىلەن ئېشەك.........................................32
تۈلكىنىڭ ئۈزۈم يېيىشى....................................34

دۆت ئېشەك ............................................ 36

قۇل بولغان ئات ........................................ 38

ئۆزگىرىشچان چاشقان ................................... 40

سۇ كالىسى بىلەن قۇشقاچ ............................... 42

چوشقىنىڭ ئۆلچىمى ...................................... 44

شەپقەتنى قايتۇرغان چۈمۈلە ............................ 46

پاقا بىلەن چاشقان ...................................... 48

دەرەخ بىلەن غاز ....................................... 50

تومۇزغىنىڭ نەزىرىدىكى زىراپە ......................... 52

تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش ............................ 54

ئېشەكنى ھەمراھ قىلىۋالغان شىر ........................ 56

شىر باققۇچىنىڭ ئاقىۋىتى .............................. 58

تۇرنىنىڭ ياردەم قىلىشى ............................... 61

ئۈچ پاقىنىڭ تەقدىرى ................................... 63

يولۋاس بىلەن كۆكۈيۈن ................................ 65

مۈشۈك بىلەن چۈچە ..................................... 67

دېھقاننىڭ قىزى ........................................ 69

يارىلانغان تۈلكە ...................................... 71

ئوۋچىدىن قاچقان تۈلكە ................................ 73

ئاق كۆڭۈل تايغان ...................................... 75

دوستىنى ساتقان تۈلكە ................................. 77

چۈمۈلە بىلەن تومۇزغا .................................. 79

www.uyghurkitap.com


توخۇ ئۆلتۈرۈش........................................81

تايغان بىلەن ئۆي ئىتى...................................83

دېھقان بىلەن ئىت........................................85

قاغا بىلەن يىلان.........................................87

ئۆچكە بىلەن پېلەك.......................................89

دۆت ئات.................................................91

دەرەخ بىلەن پالتا........................................93

دېھقان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى................................95

دېھقان بىلەن لەيلەك......................................97

يارىلانغان بۆرە بىلەن قوزا...............................99

سوپىتورغاي ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى............................101

ئاغمىخان بىلەن ئاغرىپ قالغان توخۇ.......................103

بۆرە بىلەن پادىچى......................................104

شىر تېرىسىنى ئارتىۋالغان ئېشەك..........................106

ئات بىلەن ئېشەك.......................................108

بۆرە بىلەن شىر........................................110

بالا ۋە پاقا.............................................111

بۈركۈت بىلەن تۇلۇقچى قوڭغۇز............................112

بالا بىلەن مۇئەللىم.....................................114

كاۋچۇك دەرىجى بىلەن قومۇش.............................116

شىر ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى.............................118

ئاق قۇ....................................120
تايغان ۋە ئۆي..............................122
بۇقا بىلەن شىر.............................124
تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ مۇسابىقىسى.......126
بىلىقچى قۇش...............................128
چىشتى بىلگەن بۆرە........................130
باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولغان قۇشقاچ....132
قۇشلارنىڭ پادىشاھ سايلىشى.................134
پادىچى بىلەن تايغان.......................136
جاھىل ئېشەك..............................138
باشقا كۆن چۈشكەندە بىلىنەر.................140
ئېشەك بىلەن تومۇزغا.......................142
جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى.......................144
ئوغرى بىلەن ئۆي ئىتى......................146
قۇدۇقتا چۈشۈپ كەتكەن ئاسترونوم............148
ئەۋزەللىك.................................149
مەرگەن بىلەن شىر..........................150
ئاتا ـ بالىنىڭ ئېشەككە مىنىشى.............151
شىر بىلەن بۆرە............................153
ئىككى ئاتنىڭ تەقدىرى.......................155

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1

## يول بويىدىكى پاقا بىلەن ئېتىزلىقتىكى پاقا

بىر كۈنى، يول بويىدىكى بىر پاقا ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا بەخىرامان ئارام ئالغاچ خىيال سۈرۈپتۇ: «مېنىڭ تۇرمۇشۇم نېمىدېگەن راھەت، يول بويىدىكى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا دائىم دېگۈدەك ئاز - تولا قۇرت - قوڭغۇزلار بار، قورسىقىم ئاچسا تۇتۇپ يەيمەن، تەمى دېگەندەك بولمىسىمۇ، بىراق قورساق تويىدۇ. قورساق تويغاندىن كېيىن، يول بويىدا دەم ئالىمەن، زېرىككەن چاغلاردا يولدىن ئۆتكەن قىز - ئوغۇللارغا قارايمەن». دەل شۇ چاغدا چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، مەن تەرەپكە كەل، بۇ يەر بەئەينى جەننەت.

ئۇ خۇشياقمىغاندەك كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئېتىزلىقتىكى پاقا ئىكەن.

— سەن تۇرغان ئۇ يەر خەتەرلىك، يولدىن ئۆتكەن ھارۋىلاردىن ھەزەر ئەيلە، كۆچۈپ كېلىپ مەن بىلەن تۇرغىن، بۇ يەردە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشايسەن، — دەپتۇ ئېتىزلىقتىكى پاقا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، — ئېتىزلىققا كەلسەڭ، ھەرخىل قۇرت - قوڭغۇزلار بار، ئۇلارنىڭ تەمى ئىنتايىن ئۆزگىچە، بۇ يەردە بىز ئېسىل تائاملاردىن ھو-

زوٚرلانغاندىن سىرت، زىرائەت ئۇچۇن زىيانداشلارنى يوقىتىدىمىز، ئەڭ مۇھىمى بۇ يەر بىخەتەر، خېيىمخەتەردىن ئەنسىرەش كەتمەيدۇ.

يول بويىدىكى پاقا سەۋرسىزلىك بىلەن:

— مەن بۇ يەرگە كوٚنۇپ قالدىم، هازىرقى تۇرمۇشۇممۇ ناچار ئەمەس، خېلىلا خاتىرجەم، مەن كوٚچۈشكە ئېرىنىمەن، ئاۋارە بولۇپ ئېتىزلىقتا كوٚچكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ يەنە كېلىپ يول بويىدىمۇ يېگىلى قۇرت ـ قوڭغۇزلار بار، — دەپتۇ.

يول بويىدىكى پاقا بىر مۇنچە سەۋەبلەرنى سوٚزلەپ جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

ئېتىزلىقتىكى پاقا يول بويىدىكى پاقىنىڭ ئوٚزىنىڭ ياخشى كوٚڭلىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كوٚرۈپ، ئامالسىز كېتىپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن، ئېتىزلىقتىكى پاقا يول بويىدىكى پاقىنى يەنە يوقلاپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ هارۋا چاقى ئاستىدا ئوٚلۈپ، جەسىتىنىڭ يولدا تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كوٚرۈپتۇ.

**هېكمەت:**

مەن ئېرىنىمەن... دېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشىنى نەقدىرىنىڭ ئامەتلىرىمۇ زىيارەت قىلىشتىن ئېرىنىدۇ.

مەن كوٚنۇپ قالدىم... دېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئادەتتىكىدىن ئاشمايدۇ.

ئادەتكە ئېسىلىۋېلىپ، كوٚنگەن يولدىن چىقىشقا ئېرىنىدىغان ئادەملەر هەرگىزمۇ قىردىن ئاشالمايدۇ. يېڭى زېمىن ئاچالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 2

## ئىككى چاشقان

كۇتۇپخانىدا ياشايدىغان چاشقان بىلەن ئاشلىق ئامبىرىدا ياشايدىغان چاشقان ئۇچرىشىپ قاپتۇ. كۇتۇپخانىدا ياشايدىغان چاشقان ئالىم قىياپەتتە، هاكاۋۇرلۇق بىلەن ئاشلىق ئامبىرىدا ياشايدىغان چاشقانغا:

— هەي بىچارە، سەن قورساق تويغۇزۇش ئۇچۇنلا مۇشۇ قۇرغاق، دىمىق ئاشلىق ئامبىرىنى خالاپ تۇرۇۋاتىسەن — هە، ئۇ يەردە ئاشلىقتىن باشقا هېچ نېمە يوق. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، پەقەتلا ماددىي جەھەتتە تويۇنۇش بار، لېكىن مەنىۋى جەھەتتە تويۇنۇش يوق تۇرمۇش نېمىدېگەن ئەھمىيەتسىز! كۇتۇپخانا نەقەدەر تىنچ، مەن بۇرۇنقى ۋە بۈگۈنكى، ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمەن، — دەپتۇ.

ئاشلىق ئامبىرىدىكى چاشقان چەكسىز هۆرمەت ئېھتىرام بىلەن:

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى بىلىمگە توشقان ئالىم ئىكەنلا — دە، — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە، ھەربىر كىتابنى سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ-جۈملە چايناپ، بىر بەت - بىر بەتتىن قورساققا سالىمەن.

ئاشلىق ئامبىرىدىكى چاشقان:

— بۇ بەك ياخشى ئۇچرىشىش بوپتۇ، مەن بىر ئىش توغرىلىق ئۆزلىرىدەك دانانىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ تۇراتتىم، — دەپلا كۇتۇپخانىدىكى چاشقاننى باشلاپ بىر ئاشلىق ئامبىرىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇلۇڭدىكى بىر بوتۇلكىنى كۆرسىتىپ:

— ئۆزلىرى خەت تونۇيلا، قاراپ باقسىلا، ئۇ زىغىر مېيىمىكەن ياكى چاشقان دورىسىمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

كۇتۇپخانىدىكى چاشقان ئەسلىدە خەت تونۇمايدىكەن، بوتۇلكىغا يېزىلغان چوڭ قارا خەتكە قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، بوتۇلكىدىن زىغىر مېيىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى پۇراپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشەنچلىك ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەسلىي مۇنداق خەتكەن - دە، بىچارە قېرىنداشىم، مەن ساڭا ئېنىق دەپ بېرەي، بۇ بولسا زىغىر مېيى، — دەپتۇ.

— راستمۇ، ئېنىق كۆردىلىمۇ؟

— شۇنداق، ئىشەنمىسەڭ مەن ئىچىپ بېرەي.

ئۆزىنىڭ بىلىملىكلىكىنى ئىسپاتلاش، زىغىر مېيىنى تېتىپ بېقىش ئۈچۈن كۇتۇپخانىدىكى چاشقان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىشكە باشلاپتۇ، كىم بىلسۇن، نەچچە

يۇتۇم ئىچىپلا پۈتۈن بەدىنى كىرىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆ-
لۈپ قاپتۇ.

ئەسلىدە، بوتۇلكىغا ئېنىق قىلىپ چاشقان دورىسى دەپ
يېزىلغانىكەن.

**ھېكمەت**

شۆھرەتپەرەسلىكنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان نەرسە پەقەتلا
ساختا ماختاش بىلەن مەدھىيە ئوقۇشتۇر؛ بىراق، بۇلارنىڭ
سىزگە ئېلىپ كېلىدىغىنى بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىكتۇر.

بىلمىگەننى بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا تايىنىپ
ئۆزۈمگە ئىناۋەت تىكلەيمەن دەپ ئويلاش ئاقىۋەتتە دائىم دې-
گۈدەك ئىناۋەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ.

# 3

# يولۇچىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى

بىر ئادەم ساياھەتكە چىقىپ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ، يېقىن ئەتراپتا يا كېمە، يا كۆۋرۈك يوقكەن، يولۇچى، دەريادىن كېچىپ ئۆتسەم ھايات قېلىشىم ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جەستىممۇ تېپىلماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ئامالسىز جايىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

شۇ يەرگە يېقىن يەردە تۇرۇشلۇق بىر ئادەم ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى يۇدۇپتۇ. بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم مەيدىسىگىچە سۇغا كىرىپ شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان ئېقىنغا تاقابىل تۇرۇپ، بۇ يولۇچىنى ساق ـ سالامەت قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

يولۇچى سەپەردە بولغاچقا، پۇلى كۆپ ئەمەسكەن، شۇڭلاشقا يېنىدىكى بوپىسىدىن ئازراق پارچە پۇل ئېلىپ بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەمگە بېرىپتۇ، بىراق ئاق كۆڭۈل ئادەم ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. يولۇچى دەريا بويىدا خىجىل بولۇپ تۇرغىنىدا، ئۇ ئادەم يەنە ئۇدۇل قىرغاققا بېرىپ، دەريادىن ئۆتەلمىگەنلەرنى داۋاملىق بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

يولۇچى، ئەسلىدە بۇ ئادەم باشقىلارنى يۇدۇپ دەريادىن ئۆت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈزۈشكە خۇشتار ئىكەن، ئۇ بۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرگەنىكەن، ئۇنىڭ ياردىمىنى خاتىرجەم قوبۇل قىلاي، دەپ ئويلاپ ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەمدى مەن سەندىن مىننەتدار بولمايمەن، قارىسام، سەن غەلىتە ئادەم ئىكەنسەن، سېنىڭ باشقىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە ياردەملىشىدىغان ھەۋىسىڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ.

يولۇچى سەپىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، ھېلىقى ئادەم ئۇنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ئۇنىماپتۇ. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا يولۇچى يەنە بىر قېتىم ئامالسىز تۇرۇپ قاپتۇ.

**ھېكمەت:**

گەرچە ئۇ ئۆزىدە باشقىلارغا خالىس ياردەم قىلىشتەك خىسلەتنى يېتىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا چوقۇم باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان مەجبۇرىيەت يوق.

گەرچە ئۇنىڭ ساڭا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتى بولمىسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك. باشقىلارغا داۋاملىق تەشەككۈر ئېيتىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ساڭا بولغان ياردەم قىلىش مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.

# 4

# سارنى كەپتەرگە ئايلاندۇرۇش

بىر ئادەم ئوردا خىزمىتىگە تاللىنىپتۇ، ئۇ ئوردا بېغىدىكى قۇشلارغا قاراشقا مەسئۇل ئىكەن.

ئۇ نۇرغۇن قۇشلارنى تونۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالايدىكەن. بىراق ئوردا دېگەن يەنىلا ئوردا ـ دە، ئۇ يەردە ئاز ئۇچرايدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك قۇش تۈرلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر خىل سار بار ئىكەن، ئۇنىڭ سايرىشى ئالاھىدە، شەكلى غەلىتە بولۇپ، بۇ ئادەم ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ، غەلىتە ئىشقۇ بۇ، مەن نۇرغۇن قۇشنى تونۇيتتىم، بۇ خىلدىكى كەپتەر بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، چوقۇم بۇرۇنقى خوجىدار ياخشى خەۋەر ئالمىغان گەپ، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بۇ قۇشلاردىن خەۋەر ئېلىش، كۆز ئالدىمدا بۇنداق كۆلكىلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويسام بولمايدۇ. نەدىمۇ تۇمشۇقى، تىرنىقى ۋە قانىتى بۇنداق ئۆسكەن كەپتەر بولسۇن، دەپ ئويلاپ، ئۇنى ھەقىقىي كەپتەرگە ئوخشاش ياساش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ قولىغا قايچىنى ئېلىپ، سارنىڭ تىرناقلىرىنى كېسىپتۇ، تۇمشۇقىنى تۈزلەپتۇ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ قاناتلىرىنىمۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇر ياساپتۇ.

ياساپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مەغرۇرلانغان هالدا سارغا قاراپ:

— بىچارە كەپتەر، سەن نېمىدېگەن بەختسىز، باشقىلارنىڭ قولىدا تۇغۇلۇپ كېتىپتىكەنسەن، بىراق سېنىڭ يەنىلا ئامىتىڭ بار ئىكەن، ماڭا ئۇچرىدىڭ، ئەمدى قاراپ باققىنا، ھەقىقىي كەپتەرگە ئوخشىدىڭ، — دەپتۇ.

ھېكمەت:

دۆت ئادەم ئەڭ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلالمايدۇ، ئەڭ ئەخمىقانە ئىشلارنى بىلەرمەن ئادەم قىلىدۇ.

ئەڭ ئەقىلگە سىغمايدىغىنى، بىلەرمەن ئادەملەر دائىم جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ بىمەنە خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزىنى مەسخىرىگە قويغاندىن سىرت، باشقىلارغىمۇ زىيان سالىدۇ.

# 5

## قۇلىقى ئېغىر ئېشەك

ئېشەك بىلەن ئات بىر ئېغىلدا تۇرىدىكەن، ئېشەك كۆ-
پىنچە چاغلاردا ئات ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە زەن سالمىغاندەك
ھېس قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئېشەك ئاتنىڭ قۇلىقىنىڭ
دەردى بار دەپ گۇمانلىنىپ كەپتۇ. بىر كۈنى ئېشەك بىر
ياخشى ئامالنى ئويلاپ تېپىپ، ئاتنىڭ قۇلىقىنىڭ ئېغىر يا-
كى ئېغىر ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئويلاپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئېشەك ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇپتۇ. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئاتنىڭ كەينىدىن ئون
مېتىرچە يېقىنلاپ:

— ھەي قېرى ئات، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاۋا-
زىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. ئېشەك خېلى ئۇزۇنغىچە ساق-
لىسىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس ئاڭلانماپتۇ. ئون مېتىر بەك
يىراق بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئاتقا بەش مې-
تىرچە يېقىنلىشىپ:

— ھەي قېرى ئات، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. مې-
نىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاڭلىغان بولساڭ جاۋاب قاي-
تۇرغىن، — دەپتۇ.

بىراق، ئېشەك يەنە بىر ئاز ساقلىغان بولسىمۇ، ئاتتىن زوۋان چىقماپتۇ. ئاھ تەڭرىم، ئۇنىڭ قولىقىدىكى چاتاق ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن ! مەن يەنە يېقىنىراق باراي، دەپ ئويلىغان ئېشەك ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپتۇ. ئاتقا ئۈچ مېتىرلا قاپتۇ. ئېشەك:

— قېرى ئات، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاڭلىغان بولساڭ، ماڭا جاۋاب قايتۇر، — دەپتۇ.

— ئاڭلىدىم، — دەپتۇ ئات، — بۇ ئۈچىنچى قېتىم ساڭا جاۋاب بېرىشىم. يەنە بار، مەن سەندىن بەك بىزار بولدۇم، سەن قۇلىقىڭنى داۋالاتساڭ بولغۇدەك.

**ھېكمەت:**

بىلەرمەن ئادەمنىڭ قۇلىقى ئېغىر بولۇپلا قالماستىن يەنە ئۇنىڭ قەلبىمۇ خىرەلىشىدۇ.

كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىزدىن سەۋەب ئىزدىشىمىز كېرەك، بولمىسا خۇددى ئاشۇ دۆت ئېشەككە ئوخشاپ قالىمىز.

# 6

## قارىغاي مېۋىسى ۋە كاۋا

ئىككى دېھقان كاۋا ئېتىزلىقىدا ياۋا ئوتلارنى ئوتاپ، قۇرت - قوڭغۇزلارنى تۇتۇپ، يېرىم كۈن ئالدىراش ئىشلىگەندىن كېيىن ئىككىلىسىگە هاردۇق يېتىپ، قارىغاي تۈۋىدە ئارام ئالغاچ پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى ئېتىزلىقىدىكى يوغان - يوغان كاۋىلارغا قاراپ يېنىدىكى بۇرادىرىگە:

— غەلىتە ئىش، تەڭرىنىڭ كاللىسىدىن چاتاق چىققانمۇ قانداق؟ — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— قارا، كاۋىنىڭ پېلىكى ئاجىز، ئىنچىكە، بىراق پېلەكتىكى كاۋا ھەم چوڭ، ھەم ئېغىر، بۇنىڭغا پېلەك قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىغاندۇ؟ ئەمدى، بۇ قارىغاي دەرىخىگە قارا، ئەگەر تەڭرى ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتلارنى، بۇ قارىغاي دەرىخىنىڭ نەچچە ئون ئادەمنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا شۇنچە كىچىك قارىغاي مېۋىسىنى بۇنچە يوغان قارىغاي دەرىخىدە ئۆستۈرەرمىدى؟ ئەگەر مەن تەڭرى بولغان بولسام كاۋىنى قارىغاي دەرىخىدە ئۆستۈرگەن بولاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ئامراق بۇ دېھقان ھەمراھىغا توختىماي ئۆزىنىڭ لوگىكىسىنى سۆزلەۋاتقان چاغدا، تۇيۇقسىز چىققان شامال بىر نەچچە قارىغاي ئۇرۇ-قىنى ئۇچۇرتۇپ دېھقاننىڭ بېشىغا تاشلاپتۇ.

— ۋايجان ! بۇ قارىغاي ئۇرۇقى بېشىمنى ئاغرىتىۋەت-تىغۇ ! — ۋارقىراپتۇ دېھقان.

يەنە بىر دېھقان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خۇداغا شۈكۈر، تەڭرى دەرەختە قارىغاي ئۇرۇقىنى ئۆستۈرمەي، كاۋىنى ئۆستۈرگەن بولسا، ئەھۋالىڭىز تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغان بولاتتى ! — دەپتۇ.

ھېلىقى دېھقان خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى سىلاپ كۈلۈپ قويۇپتۇ.

**ھېكمەت:**
ھايات ئىنتايىن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بار، پەقەت ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ سەۋەبنى تەتقىق قىلىسىڭىز تەڭرىدىن ھەرگىزمۇ ئاغرىنمىغان بولاتتىڭىز.

# 7

## پوچى تۆلكە

بىر كۈنى، بىر توپ تۆلكە دەريا بويىغا توپلىشىپتۇ، دەريا سۈيى ناھايىتى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان بولغاچقا، ئۆسساپ كەتكەن تۆلكىلەر قەيەردىن سۇ ئىچسە بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.

— بولمىسا دەرياغا چۈشۈپ سىناپ باقايلى، — دەپتۇ بەزىلەر. بىراق، ھېچقايسىسى دەرياغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

— سىلەر قورقۇنچاقتەك قىلىسىلەر، دەرياغا چۈشۈپ باقىدىغان ئىشقۇ شۇ، ماڭا قاراپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ بىرى.

تۆلكىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا بولۇپ، ھەممىسى نەسىھەت قىلىپتۇ:

— بۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىغىن، مۇبادا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

ھېلىقى تۆلكە ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن كېرىلىپ:

— سىلەرگە قەيەرنىڭ ئەڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپلا دەرياغا سەكرەپتۇ. بىراق جىددىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېقىن تۆلكىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. دەريا بويىدىكى تۆلكىلەر ئۈنلۈكغا قاراپ:

— بىزدىن ئايرىلمىغىن، قايتىپ كېلىپ بىزگە قەيەردىن سۇ ئىچسە بىخەتەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

دەريا سۈيىدە ئېقىپ كەتكەن تۆلكە دەپتۇ:

— مەن مىلىپتۇسقا خەت ئاپىرىپ بەرمەكچى، قايتىپ كەلگىنىمدە ئاندىن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي !

بىراق ئۇ قايتىپ كەلمەپتۇ.

**ھېكمەت:**

بوچىلىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.

كۆپ ھاللاردا ئادەملەر بوچىلىق بىلەن ئىش قىلىدۇ. نەتىجىدە كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ مەغلۇپ بولىدۇ.

# 8

## ئېشەك بىلەن قېچىر

بىر كۈنى، دېھقان ئېشەك بىلەن قېچىردا يۈك توشۇپتۇ. يۈكلەر چوڭ ـ كىچىك بولۇپ بىر قانچە خالتىلارغا قاچىلانغانىكەن. خوجايىن ئېشەك بىلەن قېچىرغا يۈكنى ئوخشاش ئارتىپ مېڭىپتۇ. يولدا ئېشەك بىلەن قېچىر چاڭ ـ توزانلارغا كۆمۈلۈپ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپتۇ. ئارام ئالغان چاغدا دېھقان قېچىرغا ئېشەكنىڭ يېمىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ يەم بېرىپتۇ.

ئېشەكنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، قېچىرغا دەپتۇ:

— مەن توشۇغان يۈك سېنىڭكى بىلەن ئوخشاش، يولمۇ ئوخشاش، قىلغان ئىشىمىزمۇ ئوخشاش، بىراق ئىگەم ساڭا بەرگەن يەم مېنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

— قارىماققا ئوخشاش، ئەمەلىيەتتە ئوخشىمايدۇ، — قېچىر شۇنداق دەپلا باشقا گەپ قىلماپتۇ.

ئۇلار يەنە يولغا چىقىپتۇ. بىر ئاز ماڭغان ئىكەن، دېھقان ئېشەكنىڭ بارغانسېرى ئاستىلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر بۆلۈك يۈكلەرنى ئېلىپ قېچىرغا يۈكلەپتۇ. يەنە بىر

ئاز ماڭغان ئىكەن، ئېشەك بەك ئارقىدا قاپتۇ.

دېھقان خورسىنغان ھالدا:

— ئېشەك بىلەن قېچىر ھەقىقەتەن ئوخشىمايدىكەن، قېچىر كۆپ يېگەن بىلەن يەنىلا ئىشقا يارايدۇ، — دەپتۇ ۋە يەنە بىر بۆلۈك يۈكنى قېچىرغا ئارتىپتۇ. ئاخىرىدا ئېشەكنىڭ ئۈستىدە يېرىم خالتا خاسىڭلا قاپتۇ. شۇندىلا ئېشەك قېچىرغا يېتىشىپ مېڭىپتۇ.

بۇ چاغدا قېچىر ئېشەككە قاراپ دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، ھازىرمۇ سەندىن ئىككى ھەسسە كۆپ يەم يېگىنىمگە قورسىقىڭ كۆپۈۋاتامدۇ؟

**ھېكمەت:**

يۇقىرى كىرىمنىڭ كەينىدە چوقۇم تۇرغۇن بېسىم ۋە جاپا بار، شۇنداقلا يەنە تۇرغۇن تۆھپىلەرمۇ بار. ئەگەر يەنىلا ئادىل بولمىدى دەپ ئاغرىنىپ يۈرسىڭىز، باشقىلارنىڭ بەختىگە ھەسەت قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىڭىز، قانچىلىك ئىشقا يارايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرۈڭ!

# 9

# كېسەل داۋالاش

بىر ئادەم ياخشى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ياتسىلا بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالماي، ئەتىسى روھسىز ئورنىدىن تۇ-رىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ.

— كۆڭلىڭىز پاراكەندىمۇ قانداق؟ — سوراپتۇ دوختۇر.

— ياق، ناھايىتى ياخشى، بىرەر غېمىممۇ يوق.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇخلىيالمايسىز؟

— سىز بىلمەيسىز، بۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدۇ، پۈتۈن بىر كېچە قېنىپ ئۇخلىيالمايمەن. ئوڭدا ياتسام دۈمبەم ئاغرىيدۇ، دۈم ياتسام قورسىقىم ئاغرىيدۇ، يېنىچە ياتسام بېلىم ئاغرىيدۇ، ئولتۇرسام كاسام ئاغرىيدۇ... قانداقلا يات-سام ئۇخلىيالمايمەن، ئاغرىققا چىدىغىلى بولمايدۇ. ئاخىر ئۆياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ تاڭنى ئاتقۇزىمەن.

— بىراق مەن سىزنى تەپسىلىي تەكشۈردۈم. سالامەتلى-كىڭىز ئىنتايىن نورمال، — دەپتۇ دوختۇر ئەجەبلىنىپ.

— مەن بىر قانچە دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقتىم، نۇرغۇن دورىلارنى يېدىم، بىراق يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ دوخ-تۇرلارمۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتقان،

ئەمدى قانداق قىلسام بولار، ھەر كۈنى ئاغرىقنىڭ دەستىدىن كارىۋاتنى چىقىۋەتكۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ بىمار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي.

— كارىۋىتىڭىزدا چاتاق بارمۇ قانداق؟ سىز ئالدى بىلەن كارىۋاتنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ دوختۇر.

بىمار ئۆيىگە بېرىپ، كارىۋات تەگلىكىنى ئۆرۈپ قارىسا تەگلىك ئاستىدا دېگەندەك تارازا تېشى تۇرغۇدەك.

**ھېكمەت:**

بىز دائىم بەزىبىر ئاۋارىچىلىكلەرگە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمىز ھەم ئارتۇقچە ئويلايمىز. نەتىجىدە مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تاپالمايمىز. سەل قارىغان كىچىككىنە مەسىلە ئاخىرى ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

# 10

## ئاچقۇچ

قېلىن سېپىل قوۋۇقىغا يوغان قۇلۇپ ئېسىلغان بولۇپ، لوم تۆمۈر، پولات ھەرە قۇلۇپنى ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

— مەن توم ھەم كۈچلۈك، قۇلۇپ ھەرقانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ مەن ئۇنى ئاچالايمەن...

لوم تۆمۈر ئۆزىنى ئامالسىز بار، قۇلۇپنى ئېچىشقا ئىدىشەنچىسى كامىل دەپ ئويلاپتۇ. بىراق خېلى ھەپىلىشىپتۇ، خېلى قايرىپتۇ، خېلى ئۇرۇپتۇ، خېلى مۇشتلاپتۇ، شۇنچە كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قۇلۇپنى ئاچالماپتۇ.

پولات ھەرە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— سەن يارىمىدىڭ، كاللا ئىشلىتىش كېرەك. مېنىڭكىگە قاراپ تۇر، — دەپتۇ ۋە ئۆزىنى چىڭىتىپ خېلى سولدىن ھەرىدەپتۇ، خېلى ئوڭدىن ھەرىدەپتۇ، بىراق ئۇمۇ قۇلۇپنى ئاچالماپتۇ.

ئۇلار سالپىيىپ تۇرغاندا، قىلچىمۇ كۆزگە سىغمايدىغان ئاچقۇچ شەپىسىز چىقارماي پەيدا بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن سىناپ باقاي، — دەپتۇ ئاچقۇچ ھاسىراپ كەتكەن ئىككىيلەنگە قاراپ.

— سەن؟ — دەپتۇ لوم تۆمۈر بىلەن پولات ھەرە بۇ كىچىككىنە، ئەگرى - بۈگرى نەرسىنى كۆزىگىمۇ ئىلماي، — بۇ ئاۋاق ھالىتىڭگە قارىساق، سېنىڭ ئاچالايدىغانلىقىڭغا ھەرگىزمۇ كۆزىمىز يەتمەيدۇ.

— سىناپ باقاي، — ئاچقۇچ شۇنداق دەپلا قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ شۇنداق مىدىرلىغانىكەن، ھېلىقى مۇس-تەھكەم قۇلۇپ «شىرىققىدە» ئېچىلىپتۇ.

— سەن زادى نېمە قىلدىڭ؟ — سوراپتۇ لوم تۆمۈر بى-لەن پولات ھەرە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي.

— چۈنكى مەن ئۇنى چۈشىنىمەن - دە، — دەپتۇ ئاچ-قۇچ سىپايىلىك بىلەن.

ھېكمەت:

باشقىلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەندىلا، ئاندىن باشقىلارنى ئوڭايلا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئىچكى تەلىپى ۋە قارىشىنى ھەقىقىي بى-لىش كېرەك ھەم ئۇلارغا سەمىمىي بولۇش لازىم. شۇندىلا تېزلا ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

# 11

## ئىلاھىنىڭ قايغۇسى

بىر يولۇچى ئۇزاق سەپەرنى بېسىپ ھەم ھېرىپ، ھەم ئۇسساپ تۇرغاندا، ئالدى تەرەپتىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر قۇدۇقنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن جان كىرگەندەك بولۇپ، مۇزدەك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. دەرەخنىڭ تۈۋى ناھايىتى سالقىن بولۇپ، مەيىن شامال ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن. ھېرىپ كەتكەن يولۇچى قۇدۇق يېنىدىلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىراق قۇدۇق يېنىدا ئۇخلاش ناھايىتى خەتەرلىك ــ تە، ناۋادا ئۆرۈلۈپلا قالسا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟

تەقدىر ئىلاھى ئۇنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خورسىنغان ھالدا:

— ھەي ئادەملەر، ھەمىشە مېنى تەڭلىكتە قويىسىلەر. ئۇ قۇدۇقنى تاپتى ـ يۇ، لېكىن مېنىڭ — تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىقىنى ئۇنتۇدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇ چاغدا قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتسە كىشىلەر چوقۇم مېنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىمدىن ئاغرىنىدۇ، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەقدىر ئىلاھى قۇدۇق يېنىغا بېرىپ، يولۇچىنى ئويغىتاي دەپ تۇرۇشىغا، يولۇچى ئۆرۈلۈپلا قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ئاھ خۇدا، نېمىشقا ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن، — ۋارقىراپتۇ يولۇچى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ.

— سەن ئۆزۈڭ دىققەت قىلمىدىڭ، يەنە گۇناھنى ماڭا قويامسەن؟ جاپانىڭ تەمىنى ئازراق تېتىپ قوي.

تەقدىر ئىلاھى يولۇچىغا بۆرتۈپ چىققان بىر تاشنى تۇتقۇزۇپتۇ ۋە يولۇچىنى يېرىم كۈن ئېسىلدۇرۇپتۇ.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر ئادەم يولۇچىنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئادەملەر يولۇققان بارلىق ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۆلپەتنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ سەل قارىشى بىلەن بېپەرۋالىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنغاندىن كۆرە، پەرۋەردىگارغا رەھمەت ئېيتقان تۈزۈك، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ سىزگە تەجرىبە ـ ساۋاقنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى بەردى.

12

# چاشقان بىلەن بۆقا

بىر بۆقا دىققەتسىزلىكتىن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىكى بىر چاشقاننى دەسسىۋېتىپتۇ، بۆقا چاشقانغا قاراپ قويۇپ، بۇنداق كىچىك چۈپرەندە نەرسە ئەپۇ سوراشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆتلاۋېرىپتۇ.

— سەن بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ، مېنى دەسسىگەن تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ئەپۇ سورىمايسەن؟ — دەپتۇ چاشقان نارازى بولۇپ.

— مېنى ئەپۇ سورىغىن دەمسەن، نېمىدېگەن كۈلكىدىلىك، سەن ئەرزىمەس كىچىك مەخلۇققۇ ناھايىتى، — بۆقا چاشقانغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۆتلاۋېرىپتۇ.

چاشقان غەزەپلىنىپ بۆقىنىڭ بۇرنىنى شۇنداق چىشلەپتۇكى، بۆقا ئاغرىققا چىدىيالماي ۋارقىراپ تاشلاپتۇ:

— مەن سېنى دەسسەپ - چەيلىۋېتىمەن.

بۆقا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ چاشقاننى قوغلاپتۇ. چاشقان چاققانلىق بىلەن قېچىپ ئۇۋىسىغا بىخەتەر كىلىۋاپتۇ.

بۆقا ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ھەم مۈڭگۈزى بىلەن تۇرتۇپ، ھالىدىن كې-

تىپتۇ. چاشقان كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۈۋىسىدا ناخشا ئېيتىپتۇ. بۇقا ھەم ھېرىپ، ھەم تېرىكىپ ھېچ ئامال قىلالماي ئاخىر چاشقان ئۈۋىسى يېنىدا ئارام ئېلىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.سىرتتا ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن چاشقان ئاستا ئۈۋىسىدىن چىقىپتۇ ۋە بۇقىنىڭ يېنىغا تۇيدۇرماي كېلىپ بېقىنىنى قاتتىق چىشلەپتۇ، بۇقا ئاغرىق دەستىدىن قاتتىق ۋارقىراپ ساپتۇ، مۈڭگۈزى بىلەن چاشقان ئۈۋىسىنى قوچۇپتۇ، چاشقان يەنە ئۈۋىسىغا كىرىۋېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ، بۇقا سىرتتا ئامال قىلالماي قاتتىق تېرىكىپتۇ.

چاشقان ئۈۋىسىنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ:

— سەن يوغان مەخلۇق بولساڭمۇ بىراق ھازىر ناھايىتى بىچارە، بەزىدە ئەرزىمەس نەرسىلەرمۇ ناھايىتى يامان. ھازىر مېنىڭ تەۋەلىكىمدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

«كۆرگە ئېلمىغان چوماق باشنى يارار» دېگەندەك، ئەرزىمەس نەرسىلەرمۇ بەزىدە ناھايىتى يامان.

ئۆزىنىڭ تۇرمۇش دائىرىسىدىن ئايرىلىپ باشقىلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئەسەبىيلىشىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

# 13

## بۆرە كەلدى

بىر پادىچى بالا ھەر كۈنى قويلىرىنى يىراقتا ئاپىرىپ ئوتلىتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ تۇرغاندا، تاغ باغرىدىكى ئېتىزلىقتا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى كۆرۈپتۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئالداپ ئەخمەق قىلالىسام بەك قىزىق بولاتتى دەپ ئويلاپ:

— بۆرە كەلدى ! بۆرە كەلدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقانلار گۈرجەك، جوتۇلىرىنى ئېلىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ ۋە بالىدىن سوراپتۇ:

— بۆرە قېنى؟ بۆرە نەدە؟

پادىچى بالا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— مەن سىلەرگە چاقچاق قىلغاندىم، بۆرە كەلگىنى يوق...

دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

پادىچى بالىغا بۇ ئىش ناھايىتى قىزىقارلىق بىلىنىپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە تۈۋەنگە قاراپ:

— بۆرە كەلدى ! بۆرە كەلدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈزاق ئۆتمەي كىشىلەر ئالدىراش يۈگۈرۈپ كېلىپتۇ، بىراق
نەدىمۇ بۆرە بولسۇن، دېھقانلار بالىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاند-
لىقىنى كۆرۈپتۇ.

— بۇ بالا بەك كەپسىزكەن، ھەمىشە مۇشۇنداق قىلى-
دۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمايلى، — دې-
يىشىپتۇ كىشىلەر باشلىرىنى چايقىشىپ.

بىر كۈنى، راستتىنلا بۆرە كەپتۇ. بۆرە قويلارغا تاشلى-
نىپ، بىر - بىرلەپ بوغۇپ تاشلاپتۇ، پادىچى بالا قورقىد-
نىدىن تىترەپ، ئۇنىنىڭ بارىچە:

— بۆرە كەلدى ! بۆرە كەلدى ! قۇتقۇزۇڭلار ! ! ! —
دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بۇ بالا يالغاننى بەك قاملاشتۇرىدىغان بولۇپ كې-
تىپتۇ، يەنە بىزنى ئالداۋاتىدۇ، كارىمىز بولمىسۇن، —
دەپتۇ دېھقانلار.

بۆرە قويلارنى بوغۇپ بولغاندىن كېيىن پادىچى بالىغا
تاشلىنىپتۇ.

**ھېكمەت:**

ھەرقانداق چاغدا يالغان گەپ يوز قېتىم تەكرارلانسا
راستقا ئايلىنىدۇ. كۆپلىگەن ئادەملەر ياغاچ قازاندا بىر قې-
تىم ئاش پىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يالغانچىلىق بىلەن
باشقىلارنى ئالدىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ كېيىنكى ئا-
قىۋىتىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ.

14

## پاقا بىلەن قۇلۇلە

قۇلۇلە چارپاقىغا قوشنا بولسىمۇ، لېكىن ئاداۋىتى بار-دەك ئادەتتە پاقىغا ئوچۇق چىراي ئاچمايدىكەن. پاقا ئىنتا-يىن قىزغىنلىق بىلەن سالام قىلسىمۇ، قۇلۇلە پاقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ئۆزىنىڭ قېپى ئىچىگە توگۈلىۋالىدى-كەن. پاقا ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قۇلۇلىنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي ئاخىر قۇلۇلىگە:

— قۇلۇلە ئەپەندىم، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويدۇممۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەندىن بۇنداق بىزار بولىسىز، ھەتتا سالام - سائەتمۇ قىلمايسىز؟ — دەپ-تۇ.

قۇلۇلە پاقىنىڭ پەرىشان ھالدىكى سوئالىغا خىجىل بولغان ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىز يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدى-ڭىز، بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك، قارىسام تۆت پۇتىڭىز بار ئى-كەن. سەكرەپ - تاقلاپ يۈرەلەيدىكەنسىز، يەنە سۇدا ئۈزە-لەيدىكەنسىز، كۆڭلىرىڭىز نېمىدېگەن بەختلىك. بىراق مەن-چۇ، مەن ئېغىر قېپىمنى يۈدۈپ ئۆمىلەپ مېڭىشىم كې-

رەك. مېنىڭ جەددى ـ جەمەتىم ماڭا ئوخشاش جاپاكەش، بۇلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم پەرىشان بولىدۇ.

ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەندە، پاقا قۇلۇلىنىڭ بىئارام بولۇشىدىكى سەۋەبنى ئۇققاندىن كېيىن دەپتۇ:

— سىز پەقەت مېنىڭ خۇشال ھالىتىمنىلا كۆردىڭىز، خالاس. بىراق بىز پاقىلارمۇ ئېغىر بېسىم ئاستىدا ياشايمىز، ئۆتكەن يىلى بىر بالام كۆلدە سۇ ئۈزۈۋاتقاندا سار يەپ كەتتى. سەكرىيەلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا سارغا يەم بولدىغۇ، بىراق سىزنىڭ باللىرىڭىز تېزلىكتە قېپىغا كىرىۋالالايدۇ ھەم ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

قۇلۇلە پاقىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خىجىل بولغىنىدىن:

— مەن ھەمىشە باشقىلارنىڭكىنى ياخشى دەپ ئويلايدىغان ئەخمەقكەنمەن، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئۆزىدە يوق، ئەمما باشقىلاردا بارنى قوغلىشىش خۇشاللىق ئەمەس. ئۆزىدە بارنى قەدىرلەش خۇشاللىقتۇر.

ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش ۋە ھەسەت قىلىش، دائىم باشقىلارنى ياخشى دېيىش سىرگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

# 15

## ھەسەل ھەرىسى بىلەن چىۋىن

چىۋىن ھەسەل ھەرىسىگە دەپتۇ:

— بىزنىڭ تەقى - تۇرقىمىز ئوخشاپراق كېتىدۇ. بىراق نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار سېنى مەدھىيىلەپ، ماڭا ئۆچلۈك قىلىدۇ، ماڭا نەپرەتلەنگىنىدىن ئۆلتۈرمىگۈچە بولـ ـدى قىلمايدۇ.

ھەسەل ھەرىسى جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىشلەيمەن، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە مەن ئەمگەكچان پەرىشتە، مەن يىغقان گۈل شىرـ ـنىسى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ شېرىن، لەززەتلىك قىلالايدۇ. ئەمما سەن ئىنسانلارغا نېمىلەرنى قىلىپ بەرـ ـدىڭ؟

چىۋىن خاپا بولغان ھالدا:

— ئۇلار ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتسا مەن يەنە ئىنسانلارغا ئىشلەمدىم؟ مەن ئىنسانلارنىڭ ئازراقلا يېمەكـ ـلىكىنى يەيمەن. سەللا سېسىق پۇرىسا ئۇلار مېنى قوغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر مەندە ساڭا ئوخشاش نەشتەر بولىدىغان بولسا ئۇلارغا غەزەپ بىلەن سانجىغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

باشقىلارنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى ھەمىشە سىزنىڭ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىڭىزغا باغلىق. يەنە، باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈڭ ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇڭ.

# 16

## ئۆچكە بىلەن ئېشەك

دېھقان بىر ئۆچكە ۋە بىر ئېشەك بېقىپتۇ. ئېشەكنى بازاردىن سېتىۋالغان ياخشى يەم ـ خەشەك بىلەن بېقىپتۇ، بىراق ئۆچكىنى تاغ باغرىغا ئۆزى ئوتلاپ كېلىشكە قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆچكە بۇنداق ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە نارازى بولۇپ، ئەگەر ئېشەك ئاغرىپ قالسا، ئۇ يەيدىغان ياخشى يەم ـ خەشەكلەر مېنىڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۆچكە كۆڭلىدە چوت سوقۇپ، ئېشەككە دەپتۇ:

— سەن كۈن بويى مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەيسەن، ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىردەم تۈگمەن چۆرۈيسەن، بىردەم ئېغىر يۈكلەرنى توشۇيسەن، يالغاندىن ئاغرىپ يېتىۋالساڭ ياخشى ئارام ئېلىۋالاتتىڭ ئەمەسمۇ؟

ئۆچكە ئەسلىدە، ئەگەر ئىگەم ئېشەكنىڭ يالغاندىن ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالسا ئېشەككە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ھالدا ياخشى يەملەر مېنىڭ بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن.

ئېشەك ئۆچكىنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پۇتلىشىپ يىقىلىپ ئېغىر يارىلىنىپ قوپالماپتۇ،

دېھقان ئالدىراپ - تېنەپ دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ:

— ئائىلىمىزدىكى ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېشەككە تايىنىپ قىلاتتىم. ئېشەك ساقايسىلا بولاتتىغۇ، — دەپتۇ.

— ئەڭ ياخشى ئامال ئۆچكىنىڭ ئىچ باغرىنى قايىنتىپ ئېشەككە ئىچۈرۈڭ، بۇنىڭ ئۈنۈمى بەك ياخشى، — دەپتۇ دوختۇر. دېگەندەك، دېھقان ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ، ئېشەكنى داۋالاپتۇ.

**ھېكمەت:**

مەككار ئادەملەر ھەممە ئىشتا مەككارلىق قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىغىمۇ شۇنداق.

ھەسەت قىلىش كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت، چۈنكى ھەسەت قىلىشنىڭ كېلىپ چىققان خاتالىقلا نىسبەتەن شۇنىڭغا يارىشا «جاۋاب» بولىدۇ.

# 17

## تۈلكىنىڭ ئۈزۈم يېيىشى

بىر كۈنى، تۈلكە ئۈزۈملۈك باغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قىزىرىپ پىشقان، دانە ـ دانە ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. تۈلكە باغقا كىرىپ ئۈزۈملەرنى تويغۇچە يېيىشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، باغنىڭ ئەتراپىدىكى قاشا تامنىڭ يېنىغا كېلىپ باغقا كىرىدىغان كامار ئىزدەپتۇ. بىراق قاشانىڭ يوچۇقلىرى كىچىك، قاشا ئېگىز بولغاچقا، سەكرەپ كىرىش مۇمكىن بولماپتۇ، كاماردىن ئۆمىلەپ كىرىشمۇ ئوڭاي ئەمەسكەن.

تۈلكە باغنى بىر نەچچە مەرتەم ئايلىنىپ، ئاخىر مۇنداق قارارغا كەپتۇ: ئۈزۈمنى يېمەكچى بولىدىكەنمەن پەقەت بىرلا ئامال بار، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇپ ئورۇقلاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قاشانىڭ يوچۇقىدىن باغقا كىرگىلى بولىدۇ. تۈلكە ئۈزۈمنى تويغۇدەك يېيىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەپتۇ، سۇمۇ ئىچمەپتۇ، نەتىجىدە ئورۇقلاپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باغقا ئوڭايلا كىرەلەپتۇ.

باغدىكى ئۈزۈملەر ھەم شېرىن، ھەم تاتلىق بولغاچقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈلكە قورسىقى تويغۇچە يەپتۇ، يەپ تويغاندىن كېيىن قور-سىقىنى سىلىغىنىچە قايتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. بىراق قاشا-نىڭ يوچۇقىغا بېشى پېتىپتۇ، ئەمما قورسىقى پاتماي قى-سىلىپ قاپتۇ. مۇبادا مۇشۇ چاغدا باغنىڭ ئىگىسى بايقاپ قالسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ. قانداق كىرگەن بولسام شۇنداق چىقىپ كېتەي، دەپ ئويلىغان تۈلكە ئامالسىزلىق-تىن يەنە ھېچنېمە يېمەي «روزا» تۇتۇپتۇ.

ئۇزۇمنىڭ شېرىن ھىدىغا تولغان باغدا تۈلكىنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىر تالنىمۇ يېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئازابلىق ئۈچ كۈن ئاخىرى ئۆتۈپتۇ، چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق كۈچ كەتمەپتۇ - يۇ، بىراق ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

نۇرغۇن ئەپسۇسلۇق ۋە پۇشايمان بىراقنى كۆرەلمەسلىك، بىردەملىك خۇشاللىقنى كۆزلەش سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇڭا پۇشايماننىڭ دورىسى يوق.

# 18

## دۆت ئېشەك

كىشىلەر ئەزەلدىن ئېشەكنى دۆت دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەلگەن ئىكەن. قاراڭلار ئاۋۇ دۆت ئېشەككە، ئىككى قۇلىقى سالپايغان... دەپ ئېشەك توغرىسىدا پاراڭلىشىدىكەن.

«ئاھ خۇدا، مېنى كىشىلەر ئەمدى بۇنداق دېمىسۇن! — دەپ ئويلاپتۇ ئىشەك، — مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتسەم بولاتتى. ئاڭلىسام كىيىنىش ئوبراز تىكلەشتىكى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ تېز ئۇسۇلكەن».

شۇنىڭ بىلەن ئېشەك ئۆزىگە يارىشىملىق بىر قۇر كىيىم تىككۈزمەكچى بولۇپتۇ ۋە ئەڭ ياخشى تىككۈچىنى تېپىپ ساپسېرىق كىمخاپ تون تىككۈزۈپتۇ، بۇ كىيىم قارىماققا خۇددى زەر يىپتا تىككەندەك ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، ئېشەك پارقىراپ تۇرغان توننى كىيىپ، بازارغا بېرىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇياق - بۇياققا يورغىلاپتۇ. ئىشىنىمەنكى، كىشىلەر ماڭا تامامەن باشقىچە قاراشتا بولىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ئېشەك ماڭغاچ.

— قاراڭلار! دۆت ئېشەك كەلدى، دۆت ئېشەك كەلدى!

— بۇ كىيىم ھەقىقەتەن چاكىنا ئىكەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

— نېمە دېگەن قاملاشمىغان كىيىم بۇ، بۇ دۆت ئېشەك بىزگە شۇملۇق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

كىشىلەر ئۇنى — بۇنى دەپ باھا بېرىپتۇ، ئېشەك باش كۆزى توپا — چاڭغا مىلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ:

— قارىغاندا مەن ھەقىقەتەن دۆت ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

پەردازلاش بىلەن ماھىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. پۇل خەجلەپ ئىناۋەت سېتىۋېلىشنىڭ بارلىققا كەلگەن ئوبراز سىزنى ھەمىشە «ئالامەت»لا قىلماستىن، بەلكى ئابرۇيىڭىزنى يەر بىلەن يەكسانمۇ قىلىدۇ.

# 19

## قۇل بولغان ئات

ئات بىر پارچە مۇنبەت ئوتلاقنى تېپىۋېلىپ، پات ـ پات ئۆزى يالغۇز كېلىپ ئوتلاپ كېتىدىغان بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر بۇغىمۇ بۇ يەرنى بايقاپ قېلىپ ئارىلاپ كېلىپ، يۇمران ئوتلارنى يەپ كېتىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئات بىلەن بۇغا دېيىشىپ قويغاندەكلا بۇ ئوتلاقتا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— بۇ يەرنى مەن بۇرۇن بايقىغان، ئۇ ماڭا مەنسۇپ، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئات بۇغىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە تاجاۋۇز قىلدى دەپ ئويلاپ. بۇغىنىڭمۇ بۇنىڭغا تەن بەرگۈسى كەلمەي تالاش ـ تارتىش قىلىپتۇ، ئاخىر ھېچقايسىسى بۇ ئوتلاقنىڭ كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماپتۇ. ئات بۇغىنى قوغلىۋېتىشنى ئويلاپتۇ، بىراق ئامال قىلالماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ.

— بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق. مەن بۇغىغا يېتەلمەيمەن. بىراق بىر تەكلىپ بېرەي، مەن ساڭا يۈگەن سېلىپ مىنەي، ئىككىمىز ھەمكارلاشساق ئاندىن بۇغىنى تۇتۇۋېلىپ ئەدىپىنى بېرىمىز، — دەپتۇ ئادەم.

ئات دەرھال قوشۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئاتقا مىنىپ، بۇغىنى قوغلاپتۇ. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن ئات ئوقۇرغا باغلىنىپتۇ ۋە كۈن بويى ئەمگەك قىپتۇ. بۇ چاغدا ئات ئاندىن ئېسىنى تېپىپ:

— مەن بەك ئەخمەقكەنمەن، كىچىككىنە ئوتلاق ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇللۇققا تۇتۇپ بەردىم، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئۆزىڭىزنىڭ مەنپەئەت تالىشىشتىكى ئورنىڭىزغا كاپالەتلىك قىلالمىسىڭىز ئۇنداقتا ئۆچەكىشىش كويىدا بولماڭ. ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش غەلىبە مېۋىسىنى قوش قوللاپ بەرگەنگە ئوخشاش ئىش. شۇنداق بولۇپلا قالماي ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا چۈشەپ بېرىسىز، ئەلۋەتتە.

## 20

# ئۆزگىرىشچان چاشقان

بىر چاشقان كۆن بويى سىرتقا چىقماي غەمكىن ئولـتۇرىدىكەن. ھەتتا كەچ كىرسىمۇ سىرتقا چىقىپ ئوزۇق ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن.

— مۈشۈك دېگەن بۇ ھايۋان بەك قورقۇنچلۇق، — دەپ ئويلىنىپلا قورقۇنچتىن لاغىلداپ كېتىدىكەن.

تەڭرى بۇ ھايۋانغا ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنى مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. چاشقان مۈشۈككە ئايلانغاندىن كېيىن يەنە ئىتتىن قورقۇپتۇ.

— ئىت دېگەن ئىنتايىن قەبىھ، ئەگەر يولۇقۇپ قالسام قانداقمۇ قىلارمەن؟

شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، بىراق ئىتقا ئايلانغان چاشقان يەنە يولۋاستىن قورقۇپتۇ. تەڭرى يەنە ئۇنى يولۋاسقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

— ئوۋچىنىڭ مىلتىقى جاننى ئالىدۇ، — يولۋاسقا ئايلانغان چاشقاننىڭ پۇتلىرى تىترەشكە باشلاپتۇ.

ئاخىر تەڭرى ئۇنى يەنە چاشقانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ سەۋرسىزلىك بىلەن دەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— چاشقان دېگەن چاشقاندە، ئەگەر ئۇۋچىغا ئايلاندۇرۇپ قويسام بەلكىم چاشقاندىن قورقۇشۇڭ مۇمكىن، يەنىلا ئەسلىڭگە قايتقىن، مەن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن. چۈنكى سەندە پەقەت چاشقاننىڭلا يۈرىكى بار.

**ھېكمەت:**

جاسارەت سىزنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. سىرتقى قىياپىتىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك دەرىجىدىكى تەربىيىلىنىش ۋە جاسارەتكە ئىگە بولۇش ھاربىرلاشقا نېگىشلىك ئامىل. شۇندىلا سىز ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك شەخسكە ئايلىنالايسىز.

# 21

## سۇ كالىسى بىلەن قۇشقاچ

تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، دەريادىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى دەرەخ تۈۋىدە، بىر سۇ كالىسى ئارام ئېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، دەرەخكە قونۇپ، سۇ كالىسىدىن قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سوراپتۇ.

سۇ كالىسى مەمنۇن بولغان ھالدا:

— سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئالايىتەن دەرياغا كېلىش كېتەمدۇ، ساڭا ناھايىتى بىر تامچە سۇ بولسىلا بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

قۇشقاچ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سەن مۇشۇنداق قارامسەن، مەن سەندىن جىق سۇ ئىچىمەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، — دەپتۇ سۇ كالىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ئەمىسە بىز بەسلىشىپ باقايلى، ئاۋۋال سەن باشلا، — قۇشقاچ ھازىرلا دولقۇن كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.

سۇ كالىسى دەريا بويىغا كېلىپ ئېغىزىنى يوغان ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن سۇ ئىچىپتۇ، سۇ كالىسى شۇنچە كۆچەپ ئىچكەن بولسىمۇ دەريا سۈيى ئازايماستىن ئەكسىچە بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. سۇ كالىسىنىڭ قورسىقى ئىششىپ قايتا سۇ ئىچەلمەپتۇ.

بۇ چاغدا قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ تۇمشۇقىنى سۇغا چىلاپتۇ، دەل شۇ چاغدا دولقۇن قايتىپتۇ. قۇشقاچ دولقۇننىڭ كەينىدىن قوغلاپ سۇ ئىچىپتۇ، سۇ كالىسى ئازابلانغان هالدا:

— ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن سۇنى كۆپ ئىچىدىكەنسەن، مەن ساڭا يېتەلمەيدىكەنمەن، — دەپتۇ.

— ئۇتتۇرغىنىڭغا تەن بەرگەنسەن، — دەپتۇ قۇشقاچ ۋە قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سۇ كالىسى هاڭۋاقىنىچە دەرياغا قاراپ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماپتۇ.

**هېكمەت:**

ئىش قىلغاندا قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش كېرەك. قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغاندا ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ.

قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىشقا ماهىر بولمىساق ياكى قانۇنىيەتكە قارشى ئىش قىلساق، بۇنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەت بولىدۇ.

# 22

## چوشقىنىڭ ئۆلچىمى

بىر قېتىم چوشقا چوڭ، كۆركەم قورۇغا كىرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەيلىچە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ، ئېغىل ۋە ئاشخانا ئەتراپىنى ئايلىنىپتۇ. يەنە گۈللۈككىمۇ كەپتۇ. بايىلا يامغۇر ياغقان بولغاچقا گۈللۈكنىڭ ھەممىلا يېرىگە سۇ يىغىلىپ قالغان ھەم پاتقاق بولۇپ كەتكەنىكەن. چوشقا خۇشاللىقىدا نەچچىنى ئېغىناپتۇ.

— قورۇق دېگەن مۇشۇنچىلىك يەر ئىكەنغۇ، — دەپتۇ چوشقا.

بىراق چوشقا يەنە خۇماردىن چىققۇدەك ئوينىيالمىغاندەك ھېس قىلىپ، ھاجەتخانا يېنىدىكى ئەۋرەزدە ئېغىناپ ئويناپتۇ. پۈتۈن بەدىنىنى سېسىق سۇدا يۇيۇپ ئاندىن ئۆيگە قايتىپتۇ.

— ھەي، قېيەرگە باردىڭ؟ — سوراپتۇ خوجايىنى.

— قورۇققا بېرىپ ئايلىنىپ كەلدىم، — دەپتۇ چوشقا پەرۋايىغىمۇ ئالماي.

— ھە، قورۇققا باردىڭمۇ؟ — خوجايىن ئەجەبلەنگەن ھالدا سوراپتۇ، — ئۇ يەر ھەشەمەتلىك، چىرايلىقتۇ؟ ئاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىسام قورۇقىنىڭ ئۆيلىرى ئىگىز، ھەيۋەتلىك، دەرۋازىسىغا ئالتۇن - كۈمۈشتىن ھالقا ئېسىلغان، ئارقا ھويلا گۈللۈك ئىكەن، ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىكەن، ئۇ يەردىكى نەرسىلەر بىر - بىرىدىن ئېسىل ئىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— كېسىپ ئېيتىمەنكى، سەن ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسى يالغان، — دەپتۇ چوشقا خارتىلداپ تۇرۇپ، — نەدىمۇ ئالتۇن - كۈمۈش بولسۇن، ئارقا ھويلىدىكى گۈللۈككىمۇ باردىم، بىراق سەن دېگەندەك ئەمەس. گۈللەر مەندە ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرالمىدى. بىراق، ئۇ يەردىكى لاي سۇ، ئازگال، ئەۋرەزدە ئويناش بەك كۆڭۈللۈككەن. مېنىڭ قانداق كۆڭۈللۈك ئوينىغانلىقىمنى پەرەز قىلالامسەن؟ مەن ئارقا ھويلىدىكى لاي سۇدا ئېغىناپ باقتىم. يەنە ھېلىقى ئەۋرەز ئېرىقىدا يۇيۇندۇم، ئېرىق سەل كەڭرەك بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتىكەن...

ھېكمەت:

ھۆكۈمنىڭ ئۆلچىمى كۆپ ھاللاردا شەخسنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

ئەگەر شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەي دېسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى يېتىكلىك بىلەن باشقىلارنىڭ ھۆكمىگە ئىشەنمەڭ.

## 23

# شەپقەتنى قايتۇرغان چۈمۈلە

چۈمۈلە دەريا بويىدا سۇ ئىچىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بار كۈچى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ، قىرغاققا يېقىنلىشالماي ماغدۇرسىزلىنىپ، ئورنىدا چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ.

چۈمۈلە ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغاندا، دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يەۋاتقان بىر قۇش بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە بىچارە چۈمۈلىگە ھېسداشلىق قىلىپ، بىر تال يوپۇرماقنى تاشلاپ بېرىپتۇ. چۈمۈلە مىڭ بىر جاپادا يوپۇرماققا يامىشىپ قىرغاققا بىخەتەر چىقىۋاپتۇ.

— جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىڭغا رەھمەت، مەن شەپقىتىڭگە جاۋاب قايتۇرىمەن، — دەپتۇ چۈمۈلە قىرغاقتىكى چۆپلۈكتە بەدىنىنى قۇرۇتقاچ قۇشقا قاراپ.

— بىراق سەن بەك كىچىك، ماڭا نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەرسەن، — دەپتۇ قۇش.

چۈمۈلە تۇيۇقسىز بىر ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇۋچى شەپە چىقارماي ئاستا كېلىۋاتقانىكەن. چۈمۈلە قارىسا ئۇۋچى قورالىنى بەتلەپ ئۆزىنىڭ شەپ-

قەتچىسى بولغان قۇشنى قارىغا ئېلىۋاتقان. چۈمۈلە تېزلىكتە ئوۋچىنىڭ پۇتىغا يامىشىپ چىقىپ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىدىن كىرىپ شۇنداق چېقىپتۇكى، ئوۋچى ئاغرىق دەستىدىن تەپ-كىنى بېسىۋېتىپتۇ. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن قۇش چۆ-چۈگىنىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قۇشنىڭ جېنى ئامان قاپتۇ، چۈمۈلە شۇنداق قىلىپ قۇشنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇ-رۇپتۇ.

**ھېكمەت:**

پەقەت ئەمەلدار ۋە باي دوستلىرىڭىزلا پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەستىن، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ سىزگە زور ياردەملەرنى قىلالايدۇ.

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا قىلغان ئازراق يار-دىمى ھامان ياخشى جاۋابقا ئېرىشىدۇ.

## 24

# پاقا بىلەن چاشقان

پاقا قوشنىسى چاشقانغا قاتتىق غەزەپلىنىدىكەن. «بىز پاقىلار دائىم زىيانداش قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى يەپ زىرائەتلەرنى قوغدايمىز. بىراق چاشقانلار كۈن بويى ئاشلىقلارنى نابۇت قىلىپ، بەخىرامان ياشايدۇ. مەن چوقۇم ئۇلاردىن ئۆچ ئالىمەن، پۇرسەت تېپىپ ئەدىپىنى بېرىمەن». ئۇزۇن ئۆتمەي، پاقا بىر ئامال تېپىپتۇ.

ئەتىسى چۈشتە پاقا چاشقاننى تېپىپ دەپتۇ:

— هاۋا بەك ئىسسىق، سۇغا چۈشۈپ بىردەم ئوينامدۇق!

— مەن چۈشەلمەيمەن، سۇ ماڭا ياقمايدۇ. تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتمەي يەنە، — دەپتۇ چاشقان قورقۇمسىراپ.

— مەن سېنىڭ بىخەتەرلىكىڭگە كاپالەتلىك قىلىمەن. مۇنداق قىلايلى، مەن يىپ بىلەن سېنى ئۆزۈمگە چېتىۋالاي، ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالغۇدەك بولسا دەرهال سېنى قۇتۇلدۇرىمەن.

چاشقان بىر هازا ئويلانغاندىن كېيىن ماقۇل بوپتۇ.

سۇغا چۈشكەندىن كېيىن پاقا بىردەم ئۇياق ـ بۇياققا

ئۇزۇپتۇ، بىردەم سۇنىڭ تېگىگە بېرىۋاپتۇ. يىپ بىلەن باغلانغان چاشقان ئۆلۈپ قالماي دەپ «قۇتقۇزۇڭلار» دېيەلمىگىنىچە سۇ ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ، چاشقاننىڭ قورسىقى كۆپۈپ، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپتۇ، پاقا بولسا مەقسەتلىك هالدا سۇنىڭ تېگىدە ئۈزۈپ ئويناپتۇ.

بىر قۇرغۇي ئوزۇق ئىزدەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن، سۇدا لەيلەپ تۇرغان چاشقاننى كۆرۈپ قېلىپ، چاڭگاللاپلا مېڭىپتۇ، يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا باغلانغان پاقىمۇ چاشقان بىلەن بىرگە كۆتۈرۈلۈپتۇ، چاشقاننى يەپ بولغان قۇرغۇي پاقىنىمۇ يەۋېتىپتۇ.

پاقا يەم بولۇش ئالدىدا پۇشايمان قىلىپ:

— ئەسلىدە چاشقاننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى ئىدىم. بىراق ئۆزۈمگە زىيانكەشلىك قىلىشىمنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**
باشقىلارغا شۇملۇق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگە يانىدۇ. باشقىلارغا كولىغان ئورىغا ئۆزىڭىز چۈشىسىز.

25

# دەرەخ بىلەن غاز

بىر ئادەم تاغدىن چۈشۈپ دوستىنىڭ ئۆيىگە مېھ-ماندارچىلىققا مېڭىپتۇ. تاغ يولىدا كېتىۋېتىپ بۈك-باراقسان ئۆسكەن دەرەخنى ۋە دەرەخ يېنىدا تۇرغان دەرەخ كەسكۈچىلەرنى كۆرۈپتۇ. دەرەخ كەسكۈچىلەر دەرەخنى كەسمەي تۇرغانىكەن. ھېلىقى ئادەم ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— شۇنچە چوڭ دەرەخنى نېمىشقا كېسىپ ئىشلەتمەيسىلەر؟

— بۇ دەرەخ چوڭ بولغىنى بىلەن، ياغىچى سۈپەتلىك ئەمەس، ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ دەرەخ كەسكۈچىلەر.

— بۇ دەرەخنى ئىشلەتكىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇن-چە ئۇزۇن ياشاپ، يوغىناپ كەتكەن ئىكەندە، — دەپتۇ يو-لۇچى.

بۇ ئادەم دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. دوستى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ چاي قۇ-يۇپتۇ ۋە چاكىرىغا غازنى ئۆلتۈرۈپ ياخشى مەي بىلەن كۈ-تۈۋېلىشنى تاپىلاپتۇ.

— ئۆيدە ئىككى غاز بار، بىرى غاقىلدايدۇ، بىرى غا-قىلدىمايدۇ. قايسىسىنى ئۆلتۈرىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مالاي.

خوجايىن ئويلانمايلا:

— ئەلۋەتتە غاقىلدىمايدىغىنىنى ئۆلتۈر، ئۇنى قالدۇرۇپ قويغانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپتۇ.

تاغدىن چۈشكەن ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قاپتۇ:

— تاغدىكى دەرەخ كارغا كەلمىگىنى ئۈچۈن ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. ئەمما بۇ غاز كارغا كەلمىگىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى، زادى كارغا كەلگىنى ياخشىمۇ ياكى كارغا كەلمىگىنى ياخشىمۇ؟

**ھېكمەت:**

قابىلىيەتلىك بولسىڭىز باشقىلار سىزنىڭ پېيىڭىزدە بولىسىمۇ، يىراق بالا - قازادىن ساقلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

قابىلىيەتسىز بولسىڭىز باشقىلار سىزنى كەمسىتىسىمۇ، يىراق بەزىدە پېشكەللىكتىن ئامان قالىسىز. باشقىلارنى يېتەكلەڭكى، باشقىلار سىزنى يېتەكلىمىسۇن. بۇ ھاياتلىقنىڭ تۈپكى پرىنسىپى، پرىنسىپنىكى «ئۆلچەم»نى ئىگىلەش ھەممىدىن مۇھىم.

# 26

## تومۇزغىنىڭ نەزىرىدىكى زىراپە

تومۇزغا نەچچە كۈندىن بېرى سىرتقا چىقالماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئورماندا ئىنتايىن غەلىتە ھايۋاننى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا دەپتۇ:

— سىلەرمۇ سىرتقا چىقماڭلار، مەن بىر ھايۋاننى كۆرۈپ قالدىم. پۇتى، قۇيرۇقى، يەنە بەدىنى بار، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇنىڭ بېشى يوق، ھەقىقەتەن غەلىتە مەخلۇقكەن.

تومۇزغا بىلەن ھەمراھلىرى قورقۇنچ ئىچىدە مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ:

— راستىنلا مۇشۇنداق غەلىتە مەخلۇق بارمىدۇ؟ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق...

— نېمىلا دېگەنبىلەن، ھەر قانداق مەخلۇقنىڭ بېشى بولۇشى كېرەكتە...

— شۇنداق، بېشى يوق مەخلۇقنى قانداقمۇ ھايۋان دېگىلى بولسۇن. چۇمۇلىنى دەيلى، ئۇنىڭ بېشى كىچىك بولغىنى بىلەن، ھامىنى باردە. بىراق بۇ مەخلۇقنىڭ بېشى يوقكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار دەۋاتقان بۇ غەلىتە مەخلۇق دەل زىراپە ئىدى. پەقەت زىراپىنىڭ بېشى ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، تومۇزغا زىراپىنىڭ بېشىنى كۆرەلمىگەن، ئەلۋەتتە.

**ھېكمەت:**

كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى ناتايىن، بەلكى كۆرۈش دائىرىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىندۇر، دائىرە مۇۋاپىق بولسىلا غەلىتە كۆرۈنگەن نەرسىلەر بەلكىم غەلىتە بولماسلىقى مۇمكىن.

# 27

# تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش

ئوتۇنچى ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىنلا ئوتۇنلىرىنى يۇدۇپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، شۇ پۇل بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى باقىدىكەن. ئوتۇنچىنىڭ ئوغلىمۇ بارا ـ بارا چوڭ بولۇپ، ئوتۇنچىغا بويلىشىپتۇ. ئوغلىدا جاپادىن قورقماسلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىر كۈنى ئوتۇنچى ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ زىممەڭگە ئېلىشىڭ كېرەك، ئەتىدىن باشلاپ مەن بىلەن بازارغا ئوتۇن ساتقىلى بارىسەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئوغلى ئىككى باغلام ئوتۇننى كۆتۈرۈپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ قاتتىق چارچاپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن دادىسىغا بارغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

دادىسى ئوغلىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن مۈرىسىگە قاراپ، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، ئۇنى ئۆيدە ئارام ئېلىشقا قالدۇرۇپ ئۆزى ئوتۇنچىلىقنى قىلىۋېرىپتۇ. زىيادە چارچاشتىنمۇ ياكى ياشىنىپ قالغانلىقتىنمۇ، بىر كۈنى ئوتۇنچى يېرىم يولدا يىقىلىپتۇ، شۇ يىقىلغىنىچە يېرىم ئاي ئورۇن

تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. تۇرمۇشنى قامدايدىغان كىرىم مەنبەسى ئۈزۈلۈپتۇ، ئوتۇنچى ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئوغلىنى چاقىرىپ:

— بۇ ئائىلە ئەمدى پۇتۇنلەي ساڭا قاراشلىق بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.

ئوغلى لەۋلىرىنى چىشلەپ، ئوتۇننى كۆتۈرۈپ بازارغا مېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوغلى تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا دادىسىدىن ئۆگەنگەن بويىچە تاغدىن ئوتۇن كېسىپ باغلاپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئوغلىغا ئەمدى ئەپكەش ئېغىر، يول يىراق بىلىنمەپتۇ، ئۆزىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلماپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار جاپالىق مۇھىتتا ئاندىن رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

جاپا ــ مۇشەققەت ئادەمگە ئېغىر يۈكنى يۈكلەش بىلەن بىرگە، يەنە شۇ يۈكنى كۆتۈرەلىگۈدەك كۈچمۇ ئاتا قىلىدۇ.

# 28

## ئېشەكنى ھەمراھ قىلىۋالغان شىر

شىر ئېشەكنىڭ ئاۋازىنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەن-لىكىنى، ئورماندىكى ھايۋانلارنىڭ ئېشەكتىن قورقىدىغانلى-قىنى ئاڭلاپ، ئېشەك بىلەن ھەمكارلىشىشنى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق باشقا ھايۋانلارنى ئوڭايلا ئوۋلاپ تېخىمۇ كۆپ ئولجىغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ شىر قەيەرگە بارسۇن ئېشەكنى ئې-لىۋالىدىكەن. باشقا ھەمراھلىرى ئېشەكنى سورىغاندا شىر پەخىرلەنگەن ھالدا تونۇشتۇرۇپ:

— ئۇ ناھايىتى ئابرۇيلۇق ھايۋان ھەم مېنىڭ يېنىمدا بولمىسا بولمايدىغان ياردەمچىم، — دەيدىكەن.

بىر كۈنى شىر ئېشەك بىلەن ئورماندىن ئۆتۈپ كې-تىۋاتقاندا ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى قاغا شىرنى مازاق قىلىپ:

— نېمىدېگەن كېلىشكەن ھەمراھلار بۇ ! بىر دۆت ئې-شەك بىلەن بىرگە يۈرسەڭ يۈزۈڭنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن نومۇس قىلمامسەن؟ — دەپتۇ.

— دۆت ئېشەك؟ كىم ئۇنى دۆت دەيدۇ؟ مەن بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرگە يۇرۇۋاتقان ئېشەكنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق هايۋان ئىسكەندىلىكىنى بىلمەيدىغان هېچكىم يوق ئىدىغۇ، — دەپتۇ شىر ئەجەبلىنىپ.

— بىراق ئېشەك هەرقانچە ئابرۇيلۇق بولسىمۇ، يەنىلا بىر دۆت ئېشەكتە.

— ئۇ سېنىڭ هاماقەتلەرچە قارىشىڭ، ماڭا نىسبەتەن مەن كىمگە موهتاج بولسام شۇنىڭغا شان - شەرەپ بېرىدىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شىر مەغرۇر هالدا.

**هېكمەت:**

شان - شەرەپ چىرايلىقلىقا ۋە كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ بولغاندا، پايدا - مەنپەئەت مۇناسىۋىتى چوقۇم مەلۇم شەكىلدە يارلىقلا كەلگەن بولىدۇ.

شان - شەرەپنى كىمگە بېرىشتە، كىمنىڭ مۇناسىپ پايدىلىنىش قىممىتى هازىرلىغانلىقىغا قاراش كېرەك، مەيلى بۇيۇك شەخسلەر ياكى ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن، هەممىلەن بۇ قاراشنى قوبۇل قىلىدۇ.

# 29

## شىر باققۇچىنىڭ ئاقىۋىتى

بىر ئادەم تاغ يولىدا بىر شىر كۈچۈكىنى تېپىۋاپتۇ ۋە ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. شىرغا ئىنتايىن كۆيۈنۈپ ياخشى، قۇۋۋەتلىك نەرسىلەر بىلەن بېقىپتۇ، تۈكلىرىنى تاراپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. شىرمۇ بۇ ئادەمگە ناھايىتى ماسلىشىپ شۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسىدەك بولۇپ قاپتۇ. ئىگىسىگە ئەركىلەپ، پۇتلىرىنى يالاپ، سىرتلارغا چىقىپ سەيلە قىلىدىكەن، بىرگە ئوينايدىكەن. شۇنداق قىلىپ شىر بۇ ئائىلىدە بارا ـ بارا چوڭ بولۇپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئەركەك شىر بولۇپتۇ. بىراق ئىنتايىن ياۋاش بولۇپ خۇددى بىر ئۆي ئىتىغىلا ئوخشايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭدا بىرغەلىتە خىيال پەيدا بولۇپ شىرنى مىنىپ ساياھەت قىلماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم شىرغا مىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. شىر ياۋاش بولغاچقا ئۇ ئادەمنى مىندۈرۈپ ناھايىتى سىلىق مېڭىپتۇ. بارغانلىكى جايلاردا بۇلارنى كۆرگەن ئادەملەر ئەجەبلىنىپ:

www.uyghurkitap.com

— شىر سىزنى يېمەمدۇ؟ — دەپ سورايدىكەن. ئۇلارغا بىر ئىت ئۇچراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىت شىردىن:

— نېمىشقا بۇ ئادەمنى يەۋەتمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنى قانداق يەيمەن؟ — دەپتۇ شىر.

بىر كۈنى ئۇلار بىر قۇملۇقتىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. يولدا بوران چىقىپ سۇ ۋە يېمەكلىكلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. كۆڭلى پاراكەندە بولغان ئادەم شىرغا تەسەللىي بېرىپ:

— سەۋر قىل، قۇملۇقتىن ئۆتسەك سېنى راسا بىر تويۇندۇرىمەن، — دەپتۇ.

شىرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بۇ ئادەم شىردىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، شىرنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئىگىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپتۇ؛ ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر چىدىيالماي ئىگىسىنىڭ پۇتلىرىنى يالاپتۇ؛ ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر ئىگىسىنىڭ قوللىرىنى يالاپ، چىشلىرىنى پاتۇرۇپتۇ؛ تۆت كۈن ئۆتۈپتۇ، شىر ئىگىسىگە چىشلىرىنى چىقىرىپتۇ؛ بەشىنچى كۈنى ئېچىرقاپ كەتكەن شىر قان تولغان كۆزلىرىنى ئىگىسىگە تىكىپتۇ، ئىگىسى شىرغا تەسەللىي بېرەي دەپ تۇرغان ۋاقىتتا، شىر ئىگىسىگە ئېتىلىپ تېگىگە بېسىۋاپتۇ ۋە بىلىكىدىن بىر پارچە گۆشنى ئۈزۈۋاپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، — دەپتۇ ئىگىسى بۇ ئەھۋال-

دىن ھاڭ - تاڭ قىلىپ.

— ئىسىڭدە بولسۇن، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا سەن ماڭا رەقىب، بۇرۇن بىزنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغىنىمىز تەل ئىدى. ھازىر ئەھۋال ئوخشىمايدۇ، مەن ئۇنداق كۆپ ئويلىمايمەن، — دەپتۇ شىر.

**ھېكمەت:**

شان - شەرەپ ۋە ئار نومۇستا، مەنپەئەتتە سىز بىلەن ئورتاقلاشقان ئادەم پەقەت سىزگە ھەمراھ بولالايدۇ. ئەمما دوست بولالمايدۇ. ھايات - ماماتلىق پەيتىدە ۋە زور مەنپەئەت ئالدىدا سىزگە نىسبەتەن كۈچلۈك رەقىب بولۇپ سىزگە ئەجەللىك زەربە بېرىشى مۇمكىن. ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق بار ئادەمنىڭ قوينىدا پالتا - پىچاق بولۇشى مۇمكىن. ھەر ۋاقىت رەقىبىڭىزدىن ھوشيار بولۇڭ.

# 30

# تۇرنىنىڭ ياردەم قىلىشى

بۆكەن قېچىپ كېتىۋاتقاندا، پۇتىغا بىر تال مىخ كىرىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، مىخنى زادىلا ئالالماپتۇ. بۆكەننىڭ ھەمراھلىرى دوستىنىڭ شىرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دوستىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يايلاقتا «ئەگەر كىم مىخنى ئېلىۋېتەلىسە، كۆپلەپ تەشەككۈرلەر ئېيتىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا بىر تاختىنى ئېسىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى، قىشلاش ئۈچۈن جەنۇبقا ماڭغان بىر تۇرنا بۇ تاختىنى كۆرۈپ قېلىپ بۆكەننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇچلۇق تۇمشۇقى بىلەن مىخنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. بۆكەننىڭ دوستلىرى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۇرنىنى بېلىق، راك كۆپ بىر كۆلنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ راسا مېھمان قىپتۇ.

تۇرنا ئۇلارنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئېلىپ جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپتۇ، يايلاقتىن ئەمدىلا چىقىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا ئازراق ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، بىر يەرنى تېپىپ قونۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ياتقان شىرنى ۋە

شىرنىڭ ئەتراپىدىكى تۇلكە، چىلبۆرىلەرنى ۋە نۇرغۇن جان ـ جانىۋارلارنى كۆرۈپتۇ، ئەسلىدە شىر بۆكەن يېگەندە بىر پارچە ئۇستىخان شىرنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن يايلاقتىكى بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا، كىم بۇ ئۇستىخاننى ئېلىۋەتسە زور ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىكەن.

تۇرنا سەل ئويلانغاندىن كېيىن ياردەم قىلىش قارارىغا كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شىرغا يېقىنلىشىپ بوينىنى شىرنىڭ ئاغزىغا تىقىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇرۇپ قالغان ئۇستىخاننى ئېلىۋېتىپتۇ. شىر ناھايىتى خۇشال بولۇپ قاتتىق بىر ھۆركىرەپ، سەكرەپ چۇشۇپلا تۇلكىدىن بىرنى يەۋېتىپتۇ.

— شىر ئەپەندىم، ماڭا بېرىدىغان ئىنئامچۇ، — دەپ سوراپتۇ تۇرنا.

شىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچچىقلانغان ھالدا دەپتۇ:

— ئىنئام؟ مېنىڭ ئاغزىمدىن ھايات چىققىنىڭنىڭ ئۆزى ساڭا بېرىلگەن ئىنئام.

**ھېكمەت:**

ياخشى ئادەملەرگە ياردەم قىلىش ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت، بۇزۇق، ئەسكى ئادەملەرگە ياردەم قىلىش يامانغا ياندىتاياق بولغانلىق، ئۆزىگىزگە خەۋپ يېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 31

## ئۈچ پاقىنىڭ تەقدىرى

ئۈچ پاقا ئېھتىياتسىزلىقتىن سۈت چېلىكىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىرىنچى پاقا:

— بۇ مېنىڭ تەقدىرىم، ساقلاي، تەقدىر مېنى زادى قانداق قىلىدىكىن، — دەپلا پۇتلىرىنى يىغىپ مىدىر - سىدىر قىلماي ئۈن - تىنسىز يېتىپتۇ.

ئىككىنچى پاقا چېلەك ئىچىدە بىردەم ئۈزگەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ:

— بۇ چېلەك بەك چوڭقۇركەن. ھەر قانچە كۆچسەممۇ، سەكرەپ چىقىپ كېتەلمەيمەن. مېنىڭ سەكرەش قابىلىيىتىم يار بەرمەيدىكەن. بۈگۈن مېنىڭ مەھشەر كۈنۈم، — دەپ ئازابلىق ىىغلىغۇەتكەندىن كېيىن چېلەك تېگىگە كىرىپ ئۆزىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئۈچىنچى پاقا ئەتراپىنى كۆزىتىپ:

— ھازىر پۇتۇمنىڭ ماغدۇرى بار، سەكرەش ئىقتىدارىمدىن ئېيتقاندا چىقىپ كېتەلمەيمەن. ئەگەر پۇتۇمنىڭ ئاستىغا قويغۇدەك بىر نەرسە تاپسام بۇ چېلەكتىن چىقىپ

كېتىشكە ئۈمىد بار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى پاقا ئۆياق - بۇياققا ئۈزۈپ، پۈتىنىڭ ئاستىغا قويغۇدەك نەرسە ئىزدەپتۇ. پاقا توختىماي ئۈزۈپتۇ، ئەمما ھېچ نەرسە تاپالماپتۇ. بىراق سۈت پاقىنىڭ توختىماي ئۈزۈشى بىلەن ئۇيۇپ قايماق بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. قايماقنىڭ ياردىمىدە پاقا كۈچەپ بىر سەكرەپ چېيلەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

پاسسىپ، ئۈمىدسىز ئادەملەر پۇرسەتنى كۈتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئاللىقاچان ئۆلگەن بولىدۇ.

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدىگەن ئادەملا مۆجىزە يارىتالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 32

## يولۋاس بىلەن كۆكقۇيۇن

يولۋاس ئۆزىنى ئورمان پادىشاھى دەپ قاراپ، قىرغاۋۇل، توشقان ۋە باشقا جان ـ جانىۋارلارنى نەزىرىگىمۇ ئىلمايدى-كەن. ھايۋانلار يولۋاستىن ھەم ئۆچكەن، ھەم قورقىدىكەن. بىر كۈنى يولۋاس ئورماندا ئوزۇق ئىزدەۋاتقاندا بىر كۆكقۇيۇن مەقسەتلىك ھالدا يولۋاسنى چۆرگىلەپ ئۇيان ئۇچۇپ، بۇيان ئۇچۇپ يولۋاسنى تازا تېرىكتۈرۈپتۇ.

— مېنىڭ ئوزۇق ئىزدىشىمگە دەخلى قىلما، بولمىسا سېنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن. سېنى مىجىۋېتىشىمدىن قورقمى-دىڭمۇ؟ ھۇ كۆرۈمسىز مەخلۇق، — دەپتۇ يولۋاس غەزەپ بى-لەن ھۆركىرەپ چىرايىنى تۈرۈپ.

— مۇشۇنداق دېسەم مەندىن قورقىدۇ دەمسەن؟ قۇلۇقى-دىن كەلسە مېنى تۇتۇپ باقە، — كۆكقۇيۇن شۇنداق دەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ، بىردەم يولۋاسنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ-تۇ، بىردەم كۆتۈرۈلۈپتۇ، بىردەم يەر بويىلاپ ئۇچۇپتۇ، يولۋاس تېخىمۇ تېرىكىپتۇ. ئاخىر كۆكقۇيۇن تېزلىكتە يولۋاسنىڭ بۇرنىغا قونۇپ، نەشتىرىنى سانجىپ، قېنىنى شوراپتۇ، يولۋاس غەزەپلىنىپ ئالىقىنى بىلەن يۈزىگە ئۇرۇپ-

-تۇ، كۆكۈيۈن يەنە يولۋاسنىڭ دۈمبىسىگە قونۇۋېلىپ قېند-
-نى شوراپتۇ. يولۋاس تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى
بىلەن دۈمبىسىگە ئۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ يولۋاس يۈزىنى
ئۆزى تاتىلاپ يېغىر قىلىۋېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن
ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈپتۇ. كۆكۈيۈن نەشتىرىنى تېخىمۇ
چوڭقۇر سانجىپ قېنىنى شوراپتۇ، يولۋاس ئېغىنسام كۆ-
كۈيۈننى مىجىۋېتىمەن، دەپ ئويلاپ يەردە ئېغىناپتۇ. كۆكۈ-
يۈن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بىراق يولۋاس ئۆزىنى ئۆزى قىي-
ناپ هالىدىن كېتىپتۇ ۋە يەردە يېتىپ چوڭقۇر - چوڭقۇر
تىنىپتۇ.

بىر ئاز ئۆتۈپ، ھېلىقى كۆكۈيۈن بىر توپ ھەمراھلىد-
-رىنى باشلاپ كەپتۇ، بىر توپ كۆكۈيۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ
يولۋاسنىڭ قېنىنى شوراپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يولۋاس نەپەس-
-تىنمۇ قاپتۇ.

**ھېكمەت:**

قارىماققا ئەرزىمەستەك كۆرۈنگەن ئادەملەرنى بوش چاغ-
-لىماڭ، مۇبادا ئۇلار بىلەن ئۇچەكىشىپ قالسىڭىز ئۇلار
سىزنى ھەرگىز تىنچ قويمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 33

## مۈشۈك بىلەن چۈجە

مۈشۈكنىڭ ئۆزۈندىن بېرى يۈمران چۈجە گۆشى يېـ-گۈسى كېلىپ، بىر كۈنى بىر ياخشى ئامالنى تېپىپتۇ.

— ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، مەن سىلەرنى تۇ-غۇلغان كۈن زىياپىتىگە تەكلىپ قىلماقچى، سىلەر ئامراق كۆرۈچ، تورت تەييارلاپ قويدۇم. چوقۇم كېلىڭلار، — دەپ-تۇ مۈشۈك چۈجىلەرگە قىزغىنلىق بىلەن.

ئەتىسى چۈجىلەر ئۆزلىرىنىڭ سوۋغاتلىرىنى ئېلىـ-شىپ، توپ - توپ بولۇشۇپ مۈشۈكنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە كېلىشىپتۇ. چۈجىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىكتىن كىرىپ بولغاندا مۈشۈك دەرھال ئىشىكنى تاقاپ، چۈجىلەر-نى بىر - بىرلەپ يەپتۇ.

— بىزگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇئامىلە قىلىسەن؟ —

دەپتۇ ئاخىرىدا قالغان بىر چۈجە.

— چۈنكى مەن سىلەرنىڭ كۈشەندەڭلار، مۈشۈنداق ئاددىي قائىدىنىمۇ چۈشەنمەمسەن؟ — دەپتۇ مۈشۈك.

**ھېكمەت:**

دۈشمىنىڭىزگە نىسبەتەن، شېرىن خىياللاردا بولماڭ. بولمىسا ئىچىمۇ زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايسىز. دۈشمىنىڭىزنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىگەنلىكى سىزگە قىلىنغان قۇرغانلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 34

## دېھقاننىڭ قىزى

شىر دېھقاننىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، دېھقاندىن قىزىنى ئۆزىگە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دېھقاننىڭ بىر تەرەپتىن قىزىنى بۇ ياۋايى ھايۋانغا قوشۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەت قىلىشقا جۇرئەت قىلالماي بىر ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ. بىر كۈنى شىر يەنە سۆيلەپ كەلگەندە دېھقان:

— مەن ساڭا قىزىمنى بېرىشكە رازى، بىراق قىزىم سېنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىڭ بىلەن ئۇچلۇق تىرناقلىرىڭدىن قورقىدىكەن، مەنمۇ قىزىمغا بىرەر زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر تىرناقلىرىڭنى كېسىۋېتىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىڭنى ئېكەك سېلىپ تەكشىلىگەن بولساڭ مەن تويۇڭلارغا دەرھال قوشۇلغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

شىر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— قىزىڭنى بېرىدىغانلا ئىش بولسا ھەر قانداق شەرتىڭگە قوشۇلىمەن. مەن ھازىرلا دېگىنىڭدەك قىلاي، — دەپتۇ.

شىر قايتىپ بېرىپ ئۇچلۇق تىرناقلىرىنى كېسىپ،

ئۆتكۈر چىشلىرىنى بىلەي بىلەن تەكشىلەپ، ئۆزىنى ياساپ دېھقاننىڭ ئۆيىگە كېلىن كۆچۈرگىلى كەپتۇ. بىراق ئەمدىلا ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، كالتەك تۇتۇپ تۇرغان دېھقان ئۇنىڭغا قاراپ كەپتۇ، ئەلپازىمۇ ناھايىتى يامان ئىكەن، شىر سەگەكلىشىپ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمما كالتەك باش ـ كۆزلىرىگە يامغۇردەك تېگىشكە باشلاپتۇ. شىر ھېچقانداق قارشىلىق قىلالماپتۇ، چۈنكى شىرنىڭ ئۇچلۇق تىرناقلىرى بىلەن ئۆتكۈر چىشلىرى ھەيۋىسىنى يوقاتقانىكەن. ئاخىر شىر باياۋان تەرەپكە قېچىپ جېنىنى ساقلاپ قاپتۇ، چاتاق بولغىنى ، ئۇچلۇق تىرنىقى، ئۆتكۈر چىشى بولمىغاچقا ئوۋ ئوۋلىيالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئەۋزەللىكىدىن ئوڭغايلا ۋاز كېچىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، مۇبادا ئەۋزەللىكنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز، قايتۇرۇۋالمىقىڭىز ناھايىتى تەس.

# 35

## يارىلانغان تۈلكە

ھېلىگەر تۈلكە توخۇ ئوغرىلاپ يېيىش ئۈچۈن دېھقاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، دىققەتسىزلىكتىن ئىدىشقا سوقۇلۇپ، ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. تۈلكە ئالاقزادە بولۇپ چىتلاقتىن ئۆتۈپ قېچىپتۇ. دەل شۇ چاغدا دېھقان تۈلكىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قېلىپ گۈرجەكنى ئېلىپ قوغلاپتۇ.

قۇيرۇقىنىڭ گۈرجەكتە چانىلىپ كېتىشىگە كۆزى يەتكەن تۈلكە جىددىيچىلىكتە ھېچنېمىگە قارىماي تىك قىيادىن سەكرەپتۇ. قىيادىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، قىيادا ئۆسكەن قارىغاينىڭ يېنىدىكى تىكەننى تۇتۇۋاپتۇ.

— جېنىم تىكەن، مېنىڭ جېنىم سېنىڭ قولۇڭدا، — تۈلكە تىكەندىن ئۆزىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

بىراق تۈلكىنىڭ تىكەننى تۇتقان ئىككى قولى پىچاق تىلغاندەك ئاغرىپ كېتىپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن تىكەن كىرگەن قولى قانغا بويىلىپتۇ، تۈلكە ھېچنېمىنى ئويلىمايلا قولىنى قويۇۋېتىپ جىلغىغا چۈشۈپتۇ. جىلغىنىڭ تېگى چوڭقۇر ھاڭ ئىكەن.

— ساڭا ئىشىنىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەنىدىم. بىراق، سەن بەك رەھىمسىز ئىكەنسەن، مەن مۇشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرساممۇ يەنە تىكەنلىرىڭنى ماڭا سانجىدىڭ، — دەپتۇ تۈلكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپ تىكەنگە ۋارقىراپ.

— مەن رەھىمسىز ئەمەس، سەن بەك دۆتكەنسەن، مېنىڭ دەرەخكە بېقىنىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ ئەسلىدىلا تىكەنلىرىم بارلىقىنى بىلمەمسەن؟ لېكىن سەن ماڭا ئۈمىد باغلاپ بەك دۆتلۈك قىلدىڭ!

**ھېكمەت:**

ئىشەنچلىك ئادەمدىن ياردەم تىلىسىڭىز خەتەردىن قۇتۇلۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىشەنچسىز كىشىلەرگە ئۈمىد باغلىماڭ، بولمىسا ھالىڭىز تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# 36

## ئوۋچىدىن قاچقان تۈلكە

بىر تۈلكە ئالاقزادە بولغان ھالدا دېھقاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قۇتقۇزۇۋال، ئوۋچى ھازىرلا كېلىدۇ. ئەگەر مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالساڭ، سەندىن مىننەتدار بولغان، شەپقىتىڭگە جاۋاب قايتۇرغان بولاتتىم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، ئەمىسە كەپىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغىن، — دېھقان تۈلكىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپتۇ. دېگەندەك ئوۋچى يېتىپ كەپتۇ.

— مەن بىر تۈلكىنى قوغلاۋاتقان، بۇ يەرگە كەلدىمۇ؟ بۇرادەر، كۆرگەن بولسىڭىز ماڭا دەپ بېرىڭ، مەن سىز بىلەن تۈلكىگە شېرىك بولاي !

دېھقان بىر ھازا جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— بەك ئەپسۇس، مەن تۈلكىنى كۆرمىدىم، — دەپتۇ.

دېھقان شۇنداق دەپ كەپىنى ئىشارەت قىپتۇ. بىراق بۇنى كەپىگە يوشۇرۇنۇۋالغان تۈلكە يوچۇقتىن ئېنىق كۆرۈپ قاپتۇ. ئالدىراپ تۇرغان ئوۋچى بۇ ئىشارەتكە دىققەت قىلماي رەھمەت ئېيتىپلا يولىغا راۋان بوپتۇ. تۈلكە ئوۋ-

چىنىڭ يىراقلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ دەرھال چىقىپتۇ ۋە دېھقانغا رەھمەتمۇ ئېيتماي مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ. دېھقان دەرھاللا:

— سەن ماڭا رەھمەت ئېيتىمەن دەپ ۋەدە قىلغان، ئۇۋچىنى ئالداپ يولغا سېلىۋېتىپ جېنىڭنى قۇتقۇزدۇم، بىراق ھازىر بىر ئېغىز رەھمەت دېيىشىڭ يوق. سەن ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان مەخلۇق ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

— ئەگەر سەنمۇ دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى ئوخشاش قىلغان، قولۇڭ بىلەن ئىچكىرىنى ئىشارەت قىلمىغان بولساڭ ساڭا كۆپلەپ تەشەككۈر ئېيتاتتىم، ھەتتا ئۆزۈم تۇتقان ياخشى ئوۋ نېمەتلىرىنى ساڭا بەرگەن بولاتتىم. بىراق ھازىر بۇنىڭ ھاجىتى يوق. تاس قالدىم قولۇڭدا ئۆلگىلى، — تۈلكە شۇنداق دەپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئىككىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولىمەن دېگەن ئادەم ئاخىردا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق قىلىپ، قويىنىدا پالتا - پىچاق ساقلايدىغان، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 37

## ئاق كۆكۈل تايغان

پادىچى بىر توپ سېمىز پاقلان بېقىپتۇ، تاغدىكى بىر بۆرە بۇ پاقلانلارنى يېيىشكە ئىشتەي ساقلاپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىچى سىرتقا چىقماقچى بولۇپ، مېنىڭ ئالدىدا:

— بۆرىدىن سەگەك بول، پاقلانلارنى بوغۇۋەتمىسۇن، — دەپ تايغانغا تاپىلاپتۇ.

بۆرە پادىچىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، قوتانغا تۇيدۇرماي كىرىپ پاقلاننىڭ بىرىگە ئېتىلاي دەپ تۇرغاندا، سەگەك تۇرغان تايغان بايقاپ قاپتۇ ۋە ئۇوقتەك كېلىپ خىدىرىس قىلىپ قاۋاپتۇ. بۇ تايغان ھەم قاۋۇل، ھەم ۋەھشىي، كۈچلۈك ئىكەن. بىر نەچچە رەت ئېلىشىپلا بۆرە ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاچماقچى بوپتۇ. بىراق تايغان بۆرىدىن تېز يۈگۈرەيدىكەن. تايغاننى يېڭەلمەيدىغىنىغا ھەم قېچىپ كېتەلمەيدىغىنىغا كۆزى يەتكەن بۆرە ئامالسىز يەردە يېتىپ ئۆتۈنۈپتۇ:

— ماڭا رەھىم قىل، مەن ئېزىپتىمەن، ئىككىمىز

ئەسلىدىنلا بىر نەسەبتىن، مېنى كەلمىدى دەپ بىلىپ قويۇۋەت، مەن قەسەم قىلاي، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلمايمەن. ئەگەر ئىگەڭ بىلىپ قالسا مەن تۈگىشىمەن، ئىككى بالام ماڭا قاراشلىق، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!

بۆرىنىڭ كۆز ياشلىرىغا قاراپ تايغاننىڭ كۆڭلى يۇمشاپتۇ. بۆرىنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى قويۇۋېتىش ياكى قويۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، بۆرە ئېتىلىپ كېلىپ تايغاننى بېسىۋېلىپ بوينىدىن ئاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن پادىچى قولىغا كالتەكنى ئېلىپ كوچەپ بىرنى ئۇرغانىكەن، بۆرە تىن تارتماي جەھەننەمگە ئۇزاپتۇ.

تايغاندىن نۇرغۇن قان ئېقىپتۇ.

— مەن بەك دۆتكەنمەن، بۆرىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپتىمەن تېخى، تاس قالدىم ھاياتىمدىن ئايرىلغىلى، — دەپتۇ تايغان ئازابلىنىپ.

— ئاياللاردەك ئاق كۆڭۈللۈك قىلىش بۇ يەردە ئەسقاتمايدۇ، — دەپتۇ پادىچى.

**ھېكمەت:**

رەھىم قىلىشتا ئەقىل بىلەن ئويلىنىپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك، ھېسسىيات تەپەككۇرىڭىزنى بېسىلمىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 38

## دوستىنى ساتقان تۈلكە

تۈلكە بىلەن لالما ئىت ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى. ئىككىسى بىرلىشىپ ئوۋ ئوۋلاپ ئېرىشكەن ئولجىنى تەڭ بۆلۈشۈپ يەيدىكەن.

— بىرلەشسەك كۈچىمىز زور بولىدىكەن، — تۈلكە دائىم لالما ئىتنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ شۇنداق دەيدىكەن، — ئەگەر سەن يىرتقۇچ بولمىغان بولساڭ بۇنداق كۆپ ئولجا ئالالمىغان بولاتتۇق.

— ئەگەر سەن مۇشۇنداق ئەقىللىق، زېرەك بولمىغان بولساڭ مەنمۇ بۇ زېرەك جانىۋارلارنى ئوۋلىيالمىغان بولاتتىم، — دەيدىكەن لالما ئىت كەمتەرلىك بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسىنىڭ ھەمكارلىقى داۋاملىشىپ بىر كۈنلەرگە كەپتۇ...

بىر كۈنى ئۇلار ئورماندا ئوۋ ئىزدەۋاتقاندا ناھايىتى يوغان بىر ھايۋان ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ، بۇ ئەسلىدە بىر شىر ئىكەن. تۈلكە ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ كۆز قارىچۇقىنى بىر نەچچىنى ئايلاندۇرۇپ، يۈرەكلىك ھالدا شىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەپتۇ:

— لالما ئىتنىڭ گۆشى بەك يۇمران، تەمى ياخشى، يېسە يېگۈسى كېلىدۇ، مەن ئامال قىلىپ ئۇنى ساڭا ئەكې-لىپ بېرەي، مېنى قويۇۋەتسەڭ قانداق؟

شىر ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈلكە لالما ئىتنى ئالداپ، ئالدىن قويغان قاپقانغا باشلاپتۇ، شىر لالما ئىتنىڭ ئالقىنىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال تۈلكىنى قوغلاپتۇ. ئالدى بىلەن تۈلكىنى ئاندىن لالما ئىتنى يەي، دەپ ئويلاپتۇ شىر.

شىر تۈلكىنى قوغلاپ كېتىشىگىلا لالما ئىت تورنى چىشلەپ ئۈزۈپ قېچىپتۇ.

— دوستۇم، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال، بىز ھەمكارلاشساق شىرنى يېڭەلەيمىز، — دەپ ۋارقىراپتۇ تۈلكە.

— مېنى ئالداپ قاپقانغا دەسسەتكىلى كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن بۇنى ئويلىمىغان، مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ لالما ئىت قېچىپ كېتىۋېتىپ.

**ھېكمەت:**

دوست دېگەننى ئەكېلىپلا ساتقىلى ۋە پايدىلانغىلى بول-مايدۇ. دوست دېگەن ھەمكارلىقنىڭ بىرلىكىدۇر.

دوستىغا ساتقىنلىق قىلغان ئادەم ئاخىردا ئۆزىگە سات-قىنلىق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

39

# چۈمۈلە بىلەن تومۇزغا

تومۇزغا ئۆزىچە ئاۋازىم ياڭراق، ناخشىچىلارغا خاس تالانتىم بار دەپ ئويلاپ، ناخشا ئېيتىشقا مەستانە بولۇپ كېتىپتۇ. پۈتۈن بىر ياز پەسلىنى ئەتىگەندىن – كەچكىچە ناخشا ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىلىپ – بىلمەي كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ ياز پەسلىمۇ ئاياغلىشىپتۇ. ھەش – پەش دېگۈچە بۇرۇنقى دەرەخ سايىسى، ئاپتاپ ۋە گۈللەرنىڭ ئورنىغا ئاچچىق كۈز شاملى بىلەن سارغىيىپ چۈشكەن يوپۇرماقلار ئالمىشىپتۇ. ئەڭ چاتاق بولغىنى، سۆپسۈزۈك شەبنەم بىلەن گىلىنى ھۆللىيەلمەپتۇ، ھەتتا يېگۈدەك نەرسىمۇ تاپالماپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن تومۇزغا ئاران – ئاران تىنىپ، دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ: «كۈز كەلدى، بۇنى بىلدىم، بۇنى بىلدىم! لېكىن مەن يەيدىغان يېمەك يوق. بۇنى بىلدىم، بۇنى بىلدىم! كىم ماڭا ياردەم قىلىدۇ؟»

دەرەخ تۈۋىدە دانلىرىنى ئاپتاپقا سېلىۋاتقان چۈمۈلە بۇنى ئاڭلاپ، دانلىرىنى دەرھال ئۇۋىسىغا يۆتكەپتۇ:

— نېمىشقا سېنىڭ يەيدىغان ئوزۇقۇڭ يوق؟ شۇنداق

ئۇزۇن ياز پەسلى سىنىڭ يېتەرلىك ئاشلىق غەملىشىڭگە يېتەتتىڭغۇ !

تومۇزغا يىغلاپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— چۇمۇلىچاق، سەندىن ئۆتۈنەي، ماڭا ئازراق يېمەكلىك بەرگىن !

— بىراق سەن يازدا نېمە ئىش قىلدىڭ زادى؟ نېمە ئۈچۈن ئوزۇق توپلىۋالمىغان ئىدىڭ، بولمىسا ھالىڭ بۇنچە خاراب بولمايتتى، — دەپتۇ چۇمۇلە.

— يازدا نەدىمۇ ۋاقتىم بولسۇن، ھەر كۈنى ناخشا ئېيتقان تۇرسام، — دەپتۇ تومۇزغا.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ يازدا ناخشا ئېيتقان بولساڭ، ئۇنداقتا كۈزدە ئۇسسۇل ئوينىساڭ بولغۇدەك، — دەپتۇ چۇمۇلە تومۇزغىنى مەسخىرە قىلىپ.

**ھېكمەت:**

خىزمەت بىلەن ئەمگەك ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، خىزمەت قىلغاندىلا گۈزەل تۇرمۇشقا مۇستەھكەم ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

كېيىنچە ھەسرەتتە قالماي دېسەڭلار، تەرىبىيەڭلارنى يىراقتا تىكىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# 10

## توخۇ ئۆلتۈرۈش

بىر نامرات ئەر ـ خوتۇن بىر پارچە يەرگە تايىنىپ ياشايدىكەن. ھەر يىلى ئالغان زىرائەت ھوسۇلى بىلەن سىرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۆيىدە بىر مېكىيان بېقىپتۇ. بۇ مېكىيان ھەر كۈنى بىرنى تۇخۇملايدىكەن.

بىر كۈنى ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: مېكىيان بىر ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپتۇ. دېھقان ئالتۇن تۇخۇمنى بازارغا ئاپىرىپ نۇرغۇن پۇلغا سېتىپتۇ. بۇنچە كۆپ پۇلنى كۆرۈپ باقمىغان دېھقان خۇشاللىقىدا سەكرەپ كېتىپتۇ. چۈنكى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا شۇنچىۋالا كۆپ پۇلغا ئېرىشتى ـ دە...

دېھقان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئالتۇن تۇخۇم تۇخۇملايدىغان مېكىيانغا قاراپ، ئۆزىگە بۇنداق تەلەينىڭ نېمىشقا نېسىپ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمەپتۇ، ئۇ، ئەمدى ئۇنداق جاپا تارتىپ يەر تېرىمايمەن، نېمە لازىم بولسا، ئالتۇن تۇخۇمنى ساتقان پۇلغا سېتىۋالسام بولمىدىمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپتۇ.

مېكىيان ھەر كۈنى ئالتۇن تۇخۇمدىن بىرنى تۇخۇملايدىكەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئالتۇن تۇخۇمنى ساتقان پۇلغا مۇنبەت يەرلەرنى سېتىۋاپتۇ، يېڭى ئۆيلەرنى ساپتۇ، نۇرغۇن چاكار يالىلاپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بىراق ئۇلار ئىنتايىن ئاچ كۆزلىشىپ بۇلارغا قانائەت قىلماپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى:

— مېكىيان ھەر كۈنى ئاران بىرنى تۇخۇملايدۇ، قورسىقىدا چوقۇم تېخىمۇ كۆپ ئالتۇن بار، بەلكىم بىر خەزىنە بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

— توغرا، دەرھال مېكىياننى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالايلى، — دەپتۇ ئېرى ئۇلاپلا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالتۇن تۇخۇملايدىغان مېكىياننى ئۆلتۈرۈپتۇ. بىراق مېكىياننىڭ قورسىقىنى يېرىپ قارىسا بۇ مېكىياننىڭ باشقا مېكىيانلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىكەن، خەزىنە دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئائىلىدىكىلەر يەنە نامرات تۇرمۇشنى باشلاپتۇ.

**ھېكمەت:**

نەپسانىيەتچى، ئاچ كۆز ئادەملەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

44

# تايغان بىلەن ئۆي ئىتى

ئوۋچى ئىككى ئىت بېقىپتۇ، بىرى تايغان، يەنە بىرى ئۆيگە قارايدىغان ئۆي ئىتى ئىكەن. تايغان ھەر كۈنى ئوۋچىغا ئەگىشىپ تاغدا ئوۋ ئوۋلايدىكەن، ئوۋ ئىزدەيدىكەن، يەنە بەزىدە ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىدىكەن. ئالدىراش ئەمەس دېگەندىمۇ ئوۋچى ئاتقان ئولجىنى ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈن ھارغىنلىق بىلەن ئۆتىدىكەن. ئوۋچى خۇشال بولغان چاغلاردا قىرغاۋۇل ياكى توشقانلارنىڭ ئەڭ ناچار يېرىنى يەيدىكەن. ئوۋدا تەلىيى كەلمەي قالسا ئوۋچى ئاچچىقىنى تايغاندىن چىقىرىدىكەن.

ئوۋچى ئەنە شۇنداق سەپرا بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ئىتىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. ھەر قېتىم ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، تايغان ئوۋلىغان ئولجىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆي ئىتىغا بېرىدىكەن. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تايغاننىڭ قورسىقى كۆپۈپتۇ. «ئۆي ئىتى دائىم ئۆيدە، ماڭا ئوخشاش جاپا تارتمايدۇ، مەن بولسام ئۆلەر ـ تىرىلىشىمگە قارىماي ئىشلەپ، يەنە تېخى نۇرغۇن ئاھانەتلەرنى ئاڭلايمەن».

بىر كۈنى تايغان قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ئۈچۈن

ئۆي ئىتىغا دەپتۇ:

— هەر ئىككىمىز ئوخشاشلا ئىت، بىراق سەن ماڭا تايىنىپ جېنىڭنى باقىسەن، مەن بولسام باشقىلارغا ئىشلەپ ئۆزۈمنى باقىمەن. بۇ بەك ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟

— ئىگەمگە مەن بولمىسام بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، مال - مۈلكىگە مەن قارايمەن - دە، بىراق سەن بولمىساڭ ئوۋلايدىغان ئولجىلار سەللا ئاز بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەن ساڭا قارىغاندا مۇھىم. گەرچە مېنىڭ خىزمىتىم سېنىڭكىدەك جاپالىق بولمىسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئورنۇمنى ھېچكىم باسالمايدۇ، — دەپتۇ ئۆي ئىتى.

**ھېكمەت:**

خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا باشقىلار ئورنىڭىزنى باسالمايدىغان چاغدا، سىز ئالاھىدە تەمىنات ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىسىز. مانا بۇ باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش بىلەن باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشنىڭ پەرقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقاتقۇچىسى
www.uyghurkitap.com

# 42

## دېھقان بىلەن ئىت

بىتەلەي دېھقان كۆرۈلۈپ باقمىغان قاتتىق قارغا دۇچ كەپتۇ، قار ئىككى ھەپتە يېغىپتۇ، ھېچ توختاي دېمەپتۇ. بۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنلەردە سىرتقا چىققىلى بولمىغاچقا دېھقاننىڭ ئۆيىدىكىلەر ئوچاقنى چۆرىدەپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق ئائىلىدىكى ئاشلىق، قىشلىق كۆكتاتلارمۇ تۈگەي دەپ قاپتۇ. دېھقان ئامالسىز قويىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىراق ھاۋا ئېچىلاي دېمەپتۇ. دېھقان بالىلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىماي ئۆچكىسىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، قار يەنىلا توختىماپتۇ، دېھقان ئامالسىز:

— بۇ جۇدۇنلۇق كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار؟ ئاھ خۇدا! ئەتە ئۆچكىنىڭ گۆشىنى يەپ بولساق، مەن كالامنى ئۆلتۈرۈپ يەرمەنمۇ ئەمدى، — دەپ نالە قىپتۇ.

— بىز دەرھال قاچايلى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن كۆرە، سىرتتا توڭلاپ ئۆلگەن ياخشى، — دەپتۇ دېھقاننىڭ ئۆيىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ چىدىيالمىغان ئىت يە-

نە بىر ئىتقا مەسلىھەت سېلىپ.

— نېمىشقا؟ سىرت بەك سوغۇق، قار قاچان توختايدۇ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ. ئۆيىنىڭ ئىچى نېمىدېگەن ئىللىق ھەم راھەت، — دەپتۇ يەنە بىر ئىت ئەجەبلىنىپ.

— بىز كېتىشمىز كېرەك. قارا، ئىگەم يەر ئاغدۇرىدىغان كالىسىنى يەپ بولسا، نۆۋەت بىز ئىككىيلەنگە كېلىدۇ.

**ھېكمەت:**

باشقىلارغا كەلگەن كۈلپەت دائىم بىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىمىزدىن بېشارەت.

ئىنچىكە كۆزەتسە، ئەقىللىق ئادەملەر باشقىلارغا كەلگەن كۈلپەتتىن ئۆزىگە كېلىدىغان خەتەرنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ ھەم ساقلىنالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 43

## قاغا بىلەن يىلان

ئېچىرقاپ كەتكەن بىر قاغا خېلى ئايلىنىپتۇ، يېگۈدەك ئوزۇق تاپالماي، دەرەخكە قونۇپ قاقىلداپتۇ.

— ئاشۇ ئوماق قۇرتلار، سازاڭلار، دانلار نەگە كەتكەندۇ؟ — دەپتۇ قاغا ئۈمىدسىز ئاھاڭدا. قاغا ئوزۇق ئىزدەشتىن ۋاز كېچەي دەپ تۇرغاندا دەرەختىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۇزۇن، كۆپكۆك بىر نەرسىنىڭ بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا لۆمۈلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— خۇدانىڭ ماڭا رەھمى كەپتۇ. دېگەندەكلا يوغان بىر قۇرت كېلىۋاتىدۇ. بۇ مېنىڭ بىر نەچچە ۋاخ قورساق تويغۇزۇشۇمغا يېتىدۇ، — خۇشلۇقىدىن قاغىغا قايتا جان كىرىپ قاناتلىرىنى كېرىپ يەردىكى قۇرتقا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

— بۇ زادى قانداق گۆش؟ گۆش دېگەن يۇمران بولىدىغان، مەن ھېچقاچان بۇنداق گۆشنى يەپ باقمىغان، — دەپتۇ قاغا خۇشاللىقىدا ھېلىقى قۇرتنىڭ دۇمبىسىگە بىر نەچچىنى چوقۇپ.

ھېلىقى قۇرت شىددەت بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېغىزىدىن قىپقىزىل نەرسىنى چىقىرىپتۇ. قاغا پۈتۈن بەدىندـ

نىڭ ماغدۇرسىزلانغانلىقىنى، يىڭنە بىلەن سانجىغاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ.

— سەن زادى نېمە؟ سەن قۇرت ئەمەسمۇ؟ — قاغا ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغاندا قۇرتتىن بۇ سوئالنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ قاغا بىلىپ - بىلمەي ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ ھېلىقى قۇرتنىڭ زەھەرلىك يىلان ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

**ھېكمەت:**

ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىش بىرەر ئىش قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى. باشقىلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەي قارىغۇلارچە ئارىلىشىش ئىنتايىن خەتەرلىك. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى ئارىلىشىش سىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە، تىجارەت ھەمكارلىقى، مۇھەببەت، نىكاھ قاتارلىق تەرەپلىرىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇق خىيال سۈرسىڭىز مەغلۇبىيەت، ھەتتا ئۆلۈم سىزنىڭ تەقدىرىڭىز، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆچكە بىلەن پىلەك

بىر ئۆچكە بولۇپ، دائىم باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدىكەن. ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ ئۆچكىگە ئۆچ ئىدىكەن. بىراق ئۆچكە بۇنى قىزىقچىلىق دەپ ئويلاپ، دائىم ئۆزىنىڭ رايى بويىچە ياشايدىكەن.

بىر كۈنى پىلەك بىر نەچچە يۇمران بىخ چىقىرىپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ:

— ئوبدان قوزىلىرىم، تېزرەك چوڭ بولۇڭلار، يېشىل يوپۇرماق چىقىرىڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن چېچەكلەپ، بۇلۇق - بۇلۇق مېۋە بېرىڭلار. بىلەمسىلەر، بىزنىڭ مېۋىمىزدىن ئىنسانلار ئەڭ ياخشى ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەيدۇ، — دەپتۇ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ.

پاراس - پۇرۇس قىلغان شەپىدىن كېيىن ئۆچكە ئۈزۈم پىلەكلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كەپتۇ ۋە بوينىنى سوزۇپ، ئەمدىلا ئۆسۈۋاتقان بىخنى يېيىش ئۈچۈن تۇمشۇقىنى ئۇزىتىپتۇ.

— ياق، بىخنى يېمە! يەردىكى يېشىل چۆپلەر سېنىڭ يېيىشىڭگە يېتىدىغان تۇرسا، سەن نېمىدەپ مېنىڭ يېڭى

ئۆسكەن بىخلىرىمنى يەيسەن! ئۇلار مېنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدىم ! — دەپ يىغلاپتۇ ئۈزۈم پېلىكى.

— يېسەمۇ بەربىر يېڭى بىخ ئۈنىدىغۇ؟ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ بۇ؟ — دەپتۇ ئۆچكە مەنسىتمىگەندەك.

— سەن باشقىلارنى بەك بوزەك قىلىپ كەتتىڭ، چوقۇم بەدەل تۆلەيسەن. ھامان بىر كۈنى كىشىلەر ئېسىل ئۈزۈم ھارىقىنى ئىچكەندە سېنى زاكوسكا قىلىدۇ. ئادەملەر سېنى كاۋاپ قىلىپ، قورۇپ يەيدۇ. بىراق مېنىڭ مېۋىلىرىم بىلەن ئىشلەنگەن ئېسىل ھاراق سېنى ئادەملەرنىڭ ئاشقازىنىغا ئېلىپ بارىدۇ.

ھېكمەت:

ئادەم باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، ھامان بىر كۈنى باشقىلارمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. باشقىلارنى بوزەك قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ، شۇنداق بىر كۈن ھامان كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 45

## دۆت ئات

خوجايىن ئېشەك بىلەن ئاتقا ماللىرىنى ئارتىپ بازارغا مېڭىپتۇ. ئەسلىدە ئېشەك بىلەن ئاتقا باسقان يۈك ئوخشاش ئىكەن. بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن، ئېشەك بارا ــ بارا ماغدۇرسىزلىنىپ خېلى بەك ئارقىدا قاپتۇ.

— ئوبدان ئات، يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەمسەن؟ مەن بولالماي قالدىم، — دەپتۇ ئېشەك ئاتقا يېلىنىپ.

— كىم سېنى مۇشۇنداق يارىماس بولسۇن دەپتۇ، خوجايىن بىزنى ئوخشاش ئىشلىتىدۇ، ئوخشاش يۈك ئارتىدۇ، بۇ ئادىل ئەمەسمۇ، مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، — ئات ئېشەك يېتىشۋالمىسۇن دەپ مېڭىۋېرىپتۇ.

— بىراق مەن ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمىدىم، بولمىسا ساڭا يېلىنمايتتىم، — دەپتۇ ئېشەك ھەمراھىغا يېلىنىپ.

— نېمىلا دېسەڭمۇ ماقۇل بولمايمەن. بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايلى، — ئات مەغرۇرلۇق بىلەن قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ئاز ئۆتۈپ خوجايىن ئاتنى توختىتىپ، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنىڭ ھەممىسىنى ئاتقا ئارتىپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئات يۈكنىڭ

ئېغىرلىقىدىن نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ. ئات ئىڭراپ تۇرۇپ:

— مەن ھەقىقەتەنمۇ دۆت ئىكەنمەن. بۇرۇنراق ئېشەكىكە ياردەم قىلغان بولسام، ئەمدىلىكتە يۈكنىڭ ھەممىسىنى مەنلا كۆتۈرمىگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىق، ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىق. باشقىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەنلىك ئۆزىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەنلىكتۇر. باشقىلارغا ھەمكارلىشىپ ئاراملىق بەرگەنلىك ئۆزىگە ئاراملىق بەرگەنلىك. پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر دەملىك ئاراملىققا ئېرىشكەن بىلەن، جاپا تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تارقىتىشى
www.uyghurkitap.com

# 16

## دەرەخ بىلەن پالتا

ئوتۇنچى دەستىسى سۇنۇپ كەتكەن پالتىسىنى ئېلىپ ئورمانغا كەپتۇ.

— سىنىڭ شېخىڭ پالتامنىڭ دەستىسى بولۇشقا بەك ماس كېلىدىكەن. سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا بىر تال شېخىڭنى بەرسەڭ . قارا، ھازىر پالتامنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئىشلىمىگەچكە ئۆيۈمدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ياشاشقا ئامالسىز قالدۇق، — دەپتۇ ئوتۇنچى چوڭ دەرەخكە يېلىنىپ.

— بىر تال شاخ ماڭا نىسبەتەن ھېچ گەپ ئەمەس، تەلىپىڭگە ماقۇل بولاي، — دەپتۇ بىر توپ قېرى كاۋچۇك دەرىخى مېھرىبانلىق بىلەن.

— ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا بەرمە ! كىم بىلىدۇ، ئۇ پالتىسى بىلەن بىزلەرنى نېمە قىلماقچى، — دەپتۇ ياندىكى ئارچا دەرىخى كاۋچۇك دەرىخىگە.

— پەقەت بىر تال شاخ ئىكەنغۇ، بۇ كالىنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلۇۋالغاندەكلا ئىش، بۇنىڭلىق بىلەن ماڭا زەخمەت يەتمەيدۇ، — قېرى كاۋچۇك دەرىخى يەنىلا ئوتۇنچىغا ياردەم

بىرىشتە چىلىك تۇرۇپ، بىر تال شىخنى ئوتۇنچىغا پالتىنىڭ سېپى قىلىنىۋېلىشقا بېرىپتۇ. ناھايىتى تېزلا ساپلاپ بوپتۇ. ئوتۇنچى پالتىسىنى ئوينىتىپ ئىشلەشكە باشلاپتۇ. ناھايىتى تېزلا ئوتۇنچىنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ چوڭ دەرەخ قاتتىق ئىڭراپ يىقىلىپتۇ. باشقا دەرەخلەرمۇ بىر - بىرلەپ يىقىلىشقا باشلاپتۇ.

— مەن ساڭا ياردەم قىلسام، ئەكسىچە سەن نېمىشقا مېنىڭ ھەمراھلىرىمغا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟ — دەپتۇ قېرى كاۋچۇك دەرىخى قايغۇرغان ھالدا بىر - بىرلەپ يىقىلىۋاتقان ھەمراھلىرىغا قاراپ.

— مەن شىخىڭنى بېرەر دەپ ئويلىمىغان. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ سىلەرگە تەھدىت ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سەن بۇ دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىكى، سېنى كەسسەم بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمدىن غەم يېمەسەممۇ بولىدۇ.

قېرى كاۋچۇك دەرىخى ئۆزىنىڭ شىخى بىلەن ساپلانغان پالتىدا كېسىلىپ يىقىلىپتۇ. ئۇ يېنىدىكى ئارچا دەرىخىگە:

— مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ھالاك قىلدىم، ئەگەر شىخىمنى بەرمىگەن بولسام، ئوتۇنچى بىزنى كېسەلمەيتتى، بىزمۇ بۇ يەردە مەڭگۈ كۆكلەيتتۇق، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئۆزۈڭگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلارغا ياردەم قىلما. مەيلى ئۇ كىچىككىنە ياردەم بولسىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 17

# دېھقان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

بىر دېھقان سەكراتتا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان، تىجەشلىك پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ بېيىش تەجرىبىسىنى ئوغۇللىرىغا ئۇدۇم قىلىپ قالدۇرۇشنى ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى دېھقان بالىلىرىنى چاقىرىپ:

— مەن ئۇ دۇنياغا كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى يەرگە كۆمۈپ قويدۇم. ئۇ يەردە مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم بار. مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر ئۇ نەرسىنى ئىزدەپ تېپىڭلار، مۇبادا ئىزدەپ تاپالىساڭلار بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلار باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكتىن غەم يېمەيسىلەر، بېرىڭلار، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپلا جان ئۈزۈپتۇ.

ئوغۇللار، دادام بايلىقلىرىنى يەرگە كۆمۈپ قويغان چېغى دەپ ئويلاپ، دادىسىنى يەرلىكىگە قويۇپ بولۇپلا، كەتمەن، گۈرجەكلىرىنى ئېلىشىپ يەرنى كولاپتۇ، ئاغدۇرۇپتۇ. كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپتۇ، بىراق ھېچ نەرسە تاپالماي

ئەكسىچە باشقىلارنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشىپتۇ.

— قاراڭلار بۇ بالىلارغا، دادىسىغا ئوخشاش ئەمگەك-چان، بىر - بىرىدىن ئىشچان.

— ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئوخشاپ كەتكىنى بىكار ئەمەسكەن.

كۈز كەپتۇ. ئۇلار مول - ھوسۇل ئاپتۇ. نۇرغۇن ئاشلىق سېتىپ كۆپ پۇل تېپىپتۇ. دېھقاننىڭ ئوغۇللىرى تۇيۇقسىز دادىسى كۆمۈپ قويغان بايلىقنىڭ ئەسلىدە جاپالىق ئەمگەك ئىكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ.

**ھېكمەت:**

دۇنيادا ئەمگەك قىلماي ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە يوق، ئەمگەكچانلىق ئەڭ ياخشى بايلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 48

## دېھقان بىلەن لەيلەك

يەرلىرىنى تېرىپ بولغان دېھقان ئۇرۇقلارنى قۇشلارنىڭ يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تور يېيىپتۇ.

بىر توپ قاغا قاقىلدىشىپ كېلىپ، ئۇرۇقنى يىمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىراق دېھقان بايقاپ قاپتۇ ۋە ئارغامچىنى شۇنداقلا تارتقانىكەن، ئوغرىلىقچە كۆنۈپ كەتكەن بۇ مەلئۇنلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا تورغا چۈشۈپتۇ.

دېھقان خۇشال بولۇپ قاغىلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇۋاتقاندا، قاغىلار ئارىسىدىكى بىر لەيلەكنى بايقاپتۇ. تورنىڭ يىپى لەيلەكنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولۇپ ئېچىنىشلىق ئىڭراپ ياتقانىكەن. دېھقاننىڭ ئۆزىنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى كۆرگەن لەيلەك نالە قىلىپ:

— ماڭا رەھىم قىلغىن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. مەن سەن تۇتماقچى بولغان قاغا ئەمەس، مەن لەيلەك يېقىملىق، كىشىلەر ئامراق قۇش.قارا، مەن ئاتا - ئانامغا ۋاپادار، ئۇلار ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەيمەن. ئوبدان قارا، مېنىڭ پەيلىرىم قاغىلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، — دەپتۇ.

دېھقان لەيلەككە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دېگىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا، بىراق مېنىڭچە، ئوغرىلىقا كۆنۈپ كەتكەن بۇ قاغىلار بىلەن بىرگە يۈرگەن سەنمۇ ياخشى ئىش قىلمايدىغان نەرسىدەك قىلىسەن. بۇنىڭ ئۆزىلا سېنى ئۆلتۈرۈشۈمگە يېتەرلىك سەۋەب بولالايدۇ، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

بىر ئادەمنىڭ دوستلىرىغا قاراپ ئۇ ئادەمنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇزۇق ئادەملەر بىلەن ھەرگىز ئارىلاشماسلىق، بولمىسا «يامانغا يولۇقساڭ بالىسى، قارانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دېگەندەك ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# 49

## يارىلانغان بۆرە بىلەن قوزا

بىر بۆرە قوتاندىكى قويلارنى يېمەكچى بولغاندا، پادىچىنىڭ ئىتلىرى ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇۋېتىپتۇ. بۆرىنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا بەدەر قېچىپتۇ ۋە بىر پىنھان يەرنى تېپىپ يېتىپ يارىسىنى يالاپتۇ. بىر كېچە ئۆتۈپتۇ، بۆرە يەنىلا قىمىرلىيالماي، ئاغرىقتىن دەستىدىن نالە قىپتۇ.

پۈتۈن جاراھەت ياخشىلانمىغاچقا، ماڭسا پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ، سىرتقا چىقىپ ئوزۇق ئىزدىيەلمەي، ئامالسىز شۇ يەردە يېتىپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، بۆرە ھېچ نەرسە يېمەپتۇ، سۇمۇ ئىچمەپتۇ.

— ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئاچ قېلىپ ئۆلمىسەممۇ، ئۇسساپ ئۆلۈپ كېتىمەن، گاللىرىم قۇرۇپ كەتتى، — دەپ نالە قىپتۇ بۆرە.

دەل شۇ چاغدا بىر قوزا بۇ ئوتلاقنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدا ئوتلاشقا باشلاپتۇ. بۆرە قوزىغا يالۋۇرۇپ:

— بەك ئۇسساپ كەتتىم، يېقىن ئەتراپتىكى دەريادىن ئازراق سۇ ئەكېلىپ بەرسەڭ، سەندىن مىننەتدار بولاتتىم، — دەپتۇ.

قوزىچاق چۆچۈپ ھېلىقى ئاخشامدىكى بۆرىنىڭ پارا-كەندىچىلىكىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز قورقۇپتۇ. بۆرە مۇلا-يىم ئاھاڭدا يالۋۇرۇپ:

— بىلىمەن، قوزا دۇنيادىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل ھايۋان. ماڭا ئازراق سۇ بەرسەڭلا مەن سەندىن باشقا ئىشلارنى قىد-لىپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلمايمەن. ئۇسسۇزلۇقۇم قانسىلا ئۆزۈم ئوزۇق تېپىپ يېيەلمەيمەن، — دەپتۇ.

قوزا بۇرۇلۇپلا قېچىپتۇ:

— ئەگەر ساڭا سۇ بەرسەم ئۇنداقتا مەن سېنىڭ ئو-زۇقۇڭ بولۇپ قالىمەن.

**ھېكمەت:**

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھەممە ئادەمگە ياردەم قىلىشى ھاجەتسىز. بۇزۇقلارغا ياردەم قىلغانلىق ئۇلار بىلەن بىرگە يامان ئىش قىلغانلىق، ئۆزىگە بالا تاپقانلىق بىلەن باراۋەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 50

## سوپىتورغاي ۋە ئۇنىڭ باللىرى

باش باھاردا بىر سوپىتورغاي ياپيېشىل بۇغدايلىقتا كىلىپ ئۇۋا ساپتۇ. سوپىتورغايىنىڭ باللىرمۇ ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇپ، بەدىنىدىكى تۈكلەرمۇ كۆپىيىپ بارغانسىرى كۆچكە تولۇپتۇ.

بىر كۈنى بۇغدايلىقنىڭ ئىگىسى پىشقان بۇغدايلارنى كۆرۈپ:

— ھوسۇل يىغىدىغان پەيت كەلدى، مەن قوشنىلارنى بۇغدايلارنى ئورۇشۇپ بىرىشكە تەكلىپ قىلاي، — دەپتۇ.

سوپىتورغايىنىڭ بىر بالىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، ئاپا بىز ئەمدى قەيەرگە كۆچىمىز؟

— بالام، ئۇ بۇغدايلارنى يىغىۋېلىشقا ئانچە ئالدىرىمىدى، پەقەت قولۇم - قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرماقچى، — دەپتۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بۇغدايلىقنىڭ ئىگىسى يەنە كەپتۇ ۋە پىشىپ كەتكەن، دانلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بۇغدايلارنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ:

— قوشنىلار ماڭا ياردەم بېرەلمەيدىكەن، ئەمدى بوغدايلارنى ئورۇشقا تۇتۇش قىلمىسام بوغدايلىرىمنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ تۈگەشكۈدەك، ئەتە ئۆيۈمدىكىلەرنى يىغىپ، يەنە ئادەم ياللاپ بوغدايلارنى ئورۇسام بولغۇدەك، — دەپتۇ.

سوپىتورغاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالىلىرىغا قاراپ:

— ئەمدى بىز كۆچسەك بولىدۇ، چۈنكى خوجايىن ئەمدى ھەقىقەتەن ئالدىرىدى. ئۇ ئەمدى قوشنىلىرىغا قاراپ تۇرماي ئۆزى ئىش باشلىماقچى، — دەپتۇ.

ھېكمەت:

ئۆزىڭىز قىلىشنى قارار قىلغاندا، ئاندىن بىر قارارغا كېلەلەيسىز.

باشقىلارغا ئۈمىد باغلىسىڭىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىسىز. ئەگەر ياشايمەن دەيدىكەنسىز مۇستەقىل قارىشىڭىز بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 51

## ئاغمىخان بىلەن ئاغرىپ قالغان توخۇ

بىر توخۇ ئاغرىپ قاپتۇ. ئاغمىخان بۇنى ئاڭلاپ دوختۇر سىياقىدا ياسىنىپ، داۋالاش سايمانلىرىنى ئېلىپ توخۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ئاڭلىسام ئاغرىپ قاپسىز، مەن كېسەل كۆرەلەيمەن، قېنى دەڭا، نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ — دەپتۇ ئاغمىخان توخۇ كاتىكى ئالدىدا بىر خىل سەۋرچان قىياپەتتە.

— مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت، مەن ھەر ھالدا يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن، — دەپتۇ توخۇ كاتەكنىڭ ئىچى تەرىپىگە سۈرۈلۈپ.

— مەن سىزنى بىر قېتىم تەپسىلىي تەكشۈرۈپ باقاي، ئالدىغىراق كېلىڭ، كاتەك ئىچىگە ئۇنداق يىقىن تۇرۇۋالماڭ، — دەپتۇ ئاغمىخان ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ.

— مېنى تەكشۈرۈشىڭىز ھاجەتسىز، پەقەت سىز بۇ يەردىن كەتسىڭىزلا، مەن ئۆلۈپ قالمايمەن، — دەپتۇ توخۇ.

**ھېكمەت:**

ئاق كۆڭۈل كۆرۈنگەن كىشىلەردىن پەخەس بولۇڭ، چۈنكى ئۇلار دائىم يامان غەرەز بىلەن بىرەر مەقسەتنىڭ كويىدا بولىدۇ.

# 52

## بۆره بىلەن پادىچى

بۆره پادىچىغا دەپتۇ:

— سىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىڭنىڭ تىجارىتى بەك ياخشى، سەن بەك قابىلىيەتلىك ئىكەنسەن، مەن ساڭا ئىشلەشنى خالايمەن.

پادىچى ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. بىراق بۆره ياش تۆكۈپ:

— توغرا، مېنىڭ بۇرادەرلىرىم سىنىڭ قويلىرىڭغا زىيان سالغان، بىراق سەن باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن مېنى جازالىساڭ بولمايدۇ، مەن پادا ئىتىدەك ساڭا سادىق بولىمەن، — دەپتۇ.

پادىچى ئويلاپ كۆرسە بۆرىنىڭ دېگەنلىرى دۇرۇستەك، شۇنىڭ بىلەن بۆرىنى قويلارغا قاراشقا قويۇپتۇ. دەسلەپتە پادىچى بۆرىگە ئىشەنچ قىلالماي قاتتىق ھوشيار تۇرۇپتۇ. ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۆره ئىنتايىن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپتۇ. قويلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەپتۇ. كېيىن پادىچى بۆرىدىن بۇرۇنقىدەك ئېھتىيات قىلمايدىغان بوپتۇ. بەلكى بۆرىنى ياۋاش پادا ئىتى دەپ قاراپ

ئىشلىتىۋېرىپتۇ.

بىر قېتىم، پادىچى بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ، قويلىرىنى بۆرىگە تاپشۇرۇپ مېڭىپتۇ. بىراق قايتىپ كېلىپ قارىسا بۆرە بىلەن قويلىرى ھېچ يەردە كۆرۈنمىگۈدەك. ئەسلىدە بۆرە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قويلارنى ھەيدەپ كەتكەنىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بۆرە ئوۋغا چىقمايلا، ھەر كۈنى مەززىلىك قوي گۆشىدىن ھوزۇرلىنىپتۇ.

پادىچى پۇشايمان قىلغان ھالدا ئاھ ئۇرۇپ:

— مۇشۇ ئاقىۋەتكە قېلىشىمغا پۈتۈنلەي ئۆزۈم سەۋەبچى، بىتخۇدلۇق قىلىپ ماللىرىمنى نېمىشقا ئىشەنچسىز بۆرىگە تاپشۇرغاندىمەن، — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

گۇمانلىنىق ئادەمنى ئىشلەتمەڭ. قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى ئىشەنچسىز ئادەملەرگە تاپشۇرماڭ.

بىر ئادەمنى كۆرۈنۈپ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ھەرگىزمۇ بىر مەزگىللىك ئىش ئەمەس. نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەمنى بىلىشتە يەنىلا ئۇزۇن مەزگىل كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

# 53

## شر تېرىسىنى ئارتىۋالغان ئېشەك

بىر ئېشەك قەيەردىن تاپقان بىر پارچە شىر تېرىسىنى ئۇستىگە ئارتىپ ئورماندا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپتۇ. باشقا هايۋانلار شىر تېرىسىگە ئورىنىۋالغان ئېشەكنى راستتىنلا شىر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

ئېشەك ئۇستىگە ئارتىۋالغان شىر تېرىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاستا ئېچىپ، هايۋانلارنىڭ پېتىراپ كەتكەن هالىتىنى كۆرۈپ ناهايىتى قىزىقارلىق ئىكەن دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ زېرەكلىكىدىن، هەيۋىسىدىن مەمنۇن بوپتۇ. تۇ-يۇقسىز چىققان شامال شىر تېرىسىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ. ئېشەك هاپىلا ـ شاپىلا شىر تېرىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئەمدى ياپاي دېيىشىگە ئۇنلۇك ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ئۇ ئەسلىدە شىر ئەمەسكەن، ئېشەك بىزنى ئالداپتۇ.

ئېشەكنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. هايۋانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ ۋە بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كەپتۇ. بەزىلىرى قولىغا كالتەك، تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياق، بەزىلىرى تاش، كېسەك ئېلىۋېلىپ ئېشەكنى راسا ئەدەپلەپتۇ ھەمدە شىرنىڭ تېرىسىنى يىرتىپ تىتما - تىتما قىلىۋېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەش بىر مەزگىللىك ئىش. مۇبادا ئەسلىي قىياپىتىڭىز ئاشكارا بولۇپ قالسا، بۇرۇن قىلغان - ئەتكەنلىرىڭىزگە چوقۇم بەدەل تۆلەيسىز.

# 54

## ئات بىلەن ئېشەك

ئېشەك ئىگىسىنىڭ ئاتقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھەم ياخشى يەملەرنى بېرىپ باقىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە كېپەكنىمۇ تويغۇدەك بەرمەيدىغانلىقىنى، يەنە ئېغىر ئەمگەككە سالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە ھېس قىپتۇ .

ئېشەك پەرىشان بولۇپ ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: «ئات نېمىدېگەن تەلەيلىك، شۇنداق ياخشى كۈتۈشلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئات بولسا نېمىدېگەن ياخشى».

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇرۇش پارتلاپتۇ. ئات تولۇق قوراللانغان جەڭچىلەر بىلەن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپتۇ. بىراق ئات بەختكە قارشى يارىلىنىپتۇ. ئېشەك بۇنى كۆرۈپ:

— ئەسلىدە ئات بولسىمۇ ياخشى ئەمەسكەن، ئاتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋالىمدىنمۇ ناچار ئىكەن، — دەپتۇ خۇرسىنىپ.

www.uyghurkitap.com

ھېكمەت:

كۆپ ھاللاردا باشقىلارنى بەختلىك ھېس قىلىمىز، بىراق ئاشۇ بەختلىك كۆرۈنگەنلەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا قىيىنچىلىقى ۋە دەرت - ئەلىمى بولىدۇ.

ئۆزىڭىزدە بار بولغاننى قەدىرلەڭ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈڭ، شۇنداقلا خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولالايسىز.

## 55
# بۆرە بىلەن شىر

بىر قېتىم، بۆرە قوي پادىسىدىن بىر قوينى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۇۋىسىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. بىراق، يېرىم يولدا شىرغا يولۇقۇپ قاپتۇ. شىر قاۋۇل، كۈچلۈك بولغاچقا بىر نەچچە مەرتەم ئېلىشىپلا بۆرىدىن قوينى تارتىۋېلىپ سۆرىگەن پېتى ماڭماقچى بوپتۇ.

بۆرە ئولجىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن بۇلانغانلىقىغا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، ئەمما باشقا ئامال قىلالماي، غەزەپ بىلەن شىرنى قارغاپتۇ:

— سەن ھەقىقەتەن سېپى ئۆزىدىن قاراقچى ئىكەنسەن، كۆپكۆندۈزدە مېنىڭ ئولجامنى بۇلاپ ماڭدىڭ، بۇ ئادىللىق ئەمەس.

شىر بۇنى ئاڭلاپ، پەرۋامۇ قىلماستىن بۆرىگە دەپتۇ:

— ئەجەبا، پادىچى بۇ قوينى ساڭا سوۋغات قىلغانمۇ؟

بۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ .

**ھېكمەت:**

ئوغرى بىلەن قاراقچىنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. ئەسكى ئادەملەرنى سېلىشتۇرساق، مەيلى قانداق پەرق بولسۇن، بۇنىڭ ھېچقانداق رېئال ئەھمىيىتى يوق.

# 56

## بالا ۋە پاقا

بىر نەچچە بالا قىرغاقتا ئويناۋېتىپ ، سۇدىكى بىر نەچچە پاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە كىم مەرگەن دېيىشىپ پاقا سوقۇش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ. بالىلار سۇدىكى پاقىلارنى چەنلەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاش ئېتىپتۇ. كىم بىر پاقىنى سوقسا بىر نومۇرغا ئېرىشىدىكەن.

بىر نەچچە بىچارە پاقا بالىلار ئاتقان تاشنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆلۈپتۇ. بۇ چاغدا بىر قېرى پاقا قايغۇرغان ھالدا ئېھتىيات بىلەن سۇدىن چىقىپ بالىلارغا دەپتۇ:

— بالىلار، ئەمدى سوقماڭلار، بۇ سىلەرگە ئويۇن بولغىنى بىلەن، بىز پاقىلارغا ئاپەت، قايغۇ ـ ھەسرەت !

**ھېكمەت:**

باشقىلارنىڭ ھەسرىتى بەدىلىگە ئۆزىڭىزگە خۇشاللىق ئىزدىمەڭ.

# 57

## بۇركۇت بىلەن تۇلۇقچى قوڭغۇز

بۇركۇت پۇتۇن كۇچى بىلەن بىر توشقاننى قوغلاپتۇ. توشقان دەماللىقتا مۆكۇۋالىدىغان يەر تاپالماي پۇتۇن كۇچى بىلەن قېچىپتۇ. بۇ چاغدا توشقان بىر تۇلۇقچى قوڭغۇزنى كۆرۆپ قېلىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۇنۇپتۇ. تۇلۇقچى قوڭغۇز توشقانغا تەسەللى بەرگەچ، قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇر-كۇتكە بىچارە توشقاننى قويۇۋېتىشنى مۇراجىئەت قىپتۇ. بۇركۇت كىچىككىنە تۇلۇقچى قوڭغۇزنى كۆزگە ئىلماي:

— سېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئۆتۇنۇشكە سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ، — دەپلا توشقاننى يەۋېتىپتۇ. تۇلۇقچى قوڭغۇز بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەلەم ھېس قىلىپ بۇركۇتكە ناھايىتى نەپرەتلىنىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن تۇلۇقچى قوڭغۇز پۇرسەت تاپسىلا بۇركۇتتىن ئۆچ ئېلىپ، نەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىشنى نىيەت قىپتۇ. بۇركۇت ھەر قېتىم تۇخۇملىسا، تۇلۇقچى قوڭغۇز ئۇچۇپ چىقىپ بۇركۇتنىڭ تۇخۇمىنى يەرگە تاشلاپ پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ.

بۇركۇت ھەر تەرەپكە مۆكۇپ تۇخۇملاپ باققان بولسى-

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇ، تۇلۇقچى قوڭغۇز زادىلا ئارام بەرمىگەچكە، ئاخىر ئىلاھ زېۋسنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆتۈنۈپتۇ:

— ماڭا بىخەتەر جايدىن بىرنى بەرگىن، بالىلىرىمنى قاتارغا قوشاي.

— ئەمىسە، تىزىمنىڭ ئۈستىگە تۇخۇملاپ، چۈجە چىقارغىن، — دەپتۇ ئىلاھ زېۋس.

تۇلۇقچى قوڭغۇز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر كاللەك تېزەكنى ئېلىپ ئىلاھ زېۋسنىڭ ئېتىكىگە تاشلاپتۇ. زېۋس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تېزەكنى قېقىۋېتىپتۇ. بىراق تىزىدىكى بۈركۈت تۇخۇمىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە بۈركۈتنىڭ تۇخۇمى يەنە چېقىلىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، تۇلۇقچى قوڭغۇز پەيدا بولغان مەزگىلدە، بۈركۈت تۇخۇملاپ چۈجە چىقىرىشتىن ۋاز كېچىدىغان بوپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئادەتتىكى ئادەملەرگە سەل قارىماڭ، ئەگەر ئۇلار ھاقارەتلەنسە سىز تۈگىمەس بالا - قازاغا ئۇچرايسىز.

58

# بالا بىلەن مۇئەللىم

بىر كۈنى بىر بالا دەريادا يۇيۇنۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز پۇتى تارتىشىپ قېلىپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا قاپتۇ. بالا سۇغا بارغانسېرى چۆكۈپ، بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قاپتۇ.

بالا سۇدا قاتتىق تىركىشىپ تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قاپتۇ ۋە «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز مەيلىچە سۇ ئۈزۈپ، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن دەپتۇ:

— نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسەن.ئۆزى يالغۇز سۇغا چۆمۈلۈشنىڭ قاراملىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن ! مەن نەچچە رەت دېدىم.

مۇئەللىم دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىسىنى ئەيىبلەۋېرىپتۇ.

ئوقۇغۇچىنىڭ ئېغىزىغا يەنە سۇ كىرىپ كېتىپتۇ، ئو-

قوغوچى يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنى قۇتقۇزۇڭ، ئاندىن ئەيىبلەڭ، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئىشلارنىڭ ئىلغىر ـ كېيىنكى، ئالدىرماي قىلىدىغىنى ۋە جىددىي قىلىدىغىنى بار. مۇھىممىنى ئەڭ بۇرۇن قىلىڭ.

جانغا خەۋپ يېتىدىغان چاغدا ئالدى بىلەن ياردەم قىلىڭ ۋە قۇتقۇزۇڭ، ئاندىن ئەيىبلەڭ ۋە تەربىيە بېرىڭ.

سۆزلەيدىغان چاغدا سۆزلەڭ، قىلىدىغان چاغدا قىلىڭ، ئىسراپ پۇرسەت ۋە سورۇنغا قاراڭ.

## 59

# كاۋچۇك دەرىخى بىلەن قومۇش

توسمىدا بىر قاتار كاۋچۇك دەرىخى، دەريا بويىدا ئاندا ـ ساندا قومۇش بار ئىكەن. كاۋچۇك دائىم قومۇشقا :

ــ ئاززاق شامال چىقسىلا يىلتىزىڭلار بىلەن قومۇرۇلۇپ كېتەمدىكىن دەپ سىلەردىن بەك ئەنسىرەيمەن، ــ دەيدىكەن. قومۇش بولسا:

ــ گەرچە ئاجىز بولسامۇ، ئۆزۈمنى قوغداشقا ئامالىم بار، ــ دەيدىكەن.

بىر كۈنى بوران چىقىپتۇ. كاۋچۇك مەيدىسىنى كېرىپ بورانغا تاقابىل تۇرۇپتۇ ۋە يېنىدىكى قومۇشنى پەپىلەپ:

ــ بالام، بەرداشلىق بەرگىن، بوران هازىرلا توختايدۇ، ــ دەپتۇ.

بوران توختاپتۇ. كاۋچۇك دەرىخى سۇنۇپ كېتىپتۇ، بىراق قومۇش هېچنېمە بولماپتۇ. كاۋچۇك ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىپ:

ــ مەن شۇنچە مەزمۇت تۇرۇپ سۇنۇپ كەتتىم، ئەمما سەن ئىنچىكە، ئاجىز تۇرۇپ نېمىشقا ساق‍ا هېچ ئىش بولمىدى، ــ دەپتۇ قومۇشقا.

— كۆچلۈك بورانغا دۇچ كەلگەندە مەن ئاجىز، قارشىلىق قىلغۇدەك مادارىم يوق، ئامالسىز بېشىمنى ئېگىپ تۇرىمەن، نەتىجىدە كۆچلۈك بوراننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىمەن. سىلەر بىزمەزمۇت دەپ بۇنداق خەتەرگە بوي بەرمەيسىلەر، نەتىجىدە مۇشۇنداق سۇنۇپ كېتىسىلەر، — دەپتۇ قومۇش.

**ھېكمەت:**

ئەنە شۇنداق نەۋەككۇل قىلغىنى ياكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان خەتەرگە يول بېرىش جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ ئۆلگەندىن ياخشى. ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن قارشىلىشىش ناھايىتى خەتەرلىك، بۇنىڭدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

# 60

## شىر ۋە ئۈنىڭ مەسلىھەتچىسى

شىر ئاغزىنىڭ پۇراپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ، ئەمما تەن ئالغۇسى كەلمەي، ناھايىتى دىلىغول بولۇپتۇ. شىر قويىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— سەن ئاغزىمدىن چىققان سېسىق پۇراقنى پۇرىيالىدىڭمۇ؟

— پۇرىدىم، — دەپتۇ قوي.

شۇنىڭ بىلەن شىر بۇ دۆت قوينى يەۋېتىپتۇ. ئارقىدىن بۆرىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— سەن ئاغزىمدىن چىققان سېسىق پۇراقنى پۇرىيالىدىڭمۇ؟

— پۇرىيالىدىم، — دەپتۇ بۆرە.

شىر بۇ تەخسكەش بۆرىنىمۇ يەۋېتىپتۇ. ئاخىر تۈلكىنى چاقىرىپ كېلىپ سوراپتۇ. تۈلكە بولغان ئىشلارنى بىر قۇر كۆرۈپ دەپتۇ:

— پادىشاھىم، مەن ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغان، ھېچ-قانداق پۇراقنى پۇرىيالمايمەن.

**ھېكمەت:**

بىر ئېغىز سۆز ئادەمنى ھايات قالدۇرالايدۇ ھەم جىنىنى ئالالايدۇ. گەپ قىلغاندا ئۇچۇقتىن - ئوچۇق سۆزلىمەك ياكى خۇشامەت قىلماق. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەسلىك. مۇجمەللىكنى ياشقىلار ھېچقانداق سەۋەب تاپالمايدۇ.

# 61

## ئاق قۇ

بىر باي ئۆيىدە غاز بىلەن ئاق قۇ بېقىپتۇ. ئاق قۇنى ناخشا ئېيتالايدۇ، چىرايلىق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ دەپ، غازنى بولسا دوستلىرى كەلگەندە گۆشى ۋە تۇخۇمىنى زاكوسكا قىلىش ئۈچۈن بېقىپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىگە نۇرغۇن دوستلىرى مېھمان بولۇپ كەپتۇ. باي ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ۋە مالىيىغا غازنى ئۆلتۈرۈپ، ئېسىل شاراب بىلەن دوستلىرىنى كۈتۈۋېلىشنى تاپىلاپتۇ.

بۇ كۈنى كەچ ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمىغاچقا، مالاي قايسىسى غاز، قايسىسى ئاق قۇ ئايرىيالماي بىرسىنى كۆتۈرۈپلا مېڭىپتۇ. بىراق قولىدىكىسىنىڭ ئاق قۇ ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئاق قۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە بىر قول كۆتۈرۈپلا مېڭىپتۇ، ئاق قۇ ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئاھ، قانداق قىلارمەن، مەن غاز ئەمەسقۇ، بۇنداق بىدكاردىن – بىكار ئۆلۈپ كەتسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇ ۋە جىددىيچىلىكتە ناخشا ئېيتىش ئېسىگە كېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپتۇ.

— ئەسلىدە ئاق قۇ ئىكەنسەنغۇ، ھېلىمۇ ياخشى دەل ۋاقتىدا ناخشا ئېيتتىڭ، بولمىسا جېنىڭنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتىڭ، مېنىڭمۇ خوجايىنغا جاۋاب بېرىشىم تەسكە چۈشەتتى، — دەپتۇ مالاي ۋە ئاق قۇنى قويۇپ بېرىپتۇ.

**ھېكمەت:**

دەل ۋاقتىدا ھەرىكەت قىلغاندا ئاپەتنى ئامەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، كەينىگە تارتقاندا بالا — قازا كېلىدۇ.

# 62

## تايغان ۋە ئۆي

قانجۇق تايغاننىڭ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاپ قاپتۇ. بىراق پاناھلىنىدىغان ئۆي بولمىغاچقا، ھەمراھلىرى ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەپىسىنى قانجۇق تايغانغا بېرىپ تۇردىغان، قانجۇق تايغان تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيدىن كېتىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قانجۇق تايغان ھەمراھلىرىنىڭ ئۆيىگە جايلىشىپ، ئانا بولۇشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قانجۇق تايغان چىرايلىق، ساغلام كۈچۈكلەرنى تۇغۇپتۇ. ئەسلىدىكى مەسلىھەت بويىچە ئۇنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ، ھەمراھلىرى كېلىشكىنى بويىچە كۆچۈپ كەلمەكچى بوپتۇ.

— يەنە يېرىم ئاي ۋاقىت بېرىڭلار، ھازىر باللىرىم كىچىك، ئۇلارنى ئېمىتىمەن، ئۇلار ماڭالمايدۇ، — دەپتۇ قانجۇق تايغان.

ھەمراھلىرى ئويلاپ كۆرسە تايغان ۋە باللىرى بىلەن ھەقىقەتەن قىينىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىر قېتىم تايغاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. يېرىم

www.uyghurkitap.com

ئايمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، تايغاننىڭ ھەمراھلىرى كەپىسىگە قايتىپ، تايغاندىن ئۆيىنى بىكارلاشنى تەلەپ قىپتۇ. بىراق بۇ قېتىم تايغان ئۆزىنىڭ ياۋۇز ئەپت-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، چىش تىرناقلىرىنى چىقىرىپ ھەمراھلىرىغا:

— مېنى كۆچۈپ چىق دەمسىلەر، مېنى چىقىرىۋېتىش قولۇڭلاردىن كېلەمدۇ؟ — دەپلا قاۋاپتىكەن بىر نەچچە قاۋۇل، ياۋۇز كۈچۈكلەر جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئەسلىدە قانجۇق تايغاننىڭ باللىرى چوڭ بولغانىكەن.

قانجۇق تايغاننىڭ ھەمراھلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قانجۇق تايغان ئۇلارنىڭ ئۆيىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋاپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلىڭ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرىدۇ.

# 63

## بۇقا بىلەن شىر

ئورمانغا يېقىن جايدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىدا قاۋۇل، يوغان ئۈچ بۇقا ياشايدىكەن. ئۇلار ئوت يېگەندە، سۇ ئىچكەندە، ئۇخلىغاندىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلماي ناھايىتى ئىجىل ياشايدىكەن.

بىر شىر بۇ ئۈچ بۇقىغا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق قول سېلىشقا زادىلا پۇرسەت بولماپتۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ بۇقا بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىكەن. شىر ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ:

— ئۇچەيلەننى يىراقلاشتۇرسام، بىر - بىرىنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزسام، ئۈچ بۇقا بىرگە بولمىسىلا، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يېيىشىم ئوڭاي ئەمەسمۇ.

بىر كۈنى، شىر ئاستا مېڭىپ بۇرادەرلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئوتلاۋاتقان بۇقىغا يېقىنلىشىپ:

— دوستۇم، ئۇلار بۇ ئوتلاقنى ئىگىلىۋالماقچى ھەم سېنىمۇ يوقاتماقچى، قارا، ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىۋاتقىنىغا، ساڭا پات - پات قاراۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى بۇقا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ شۇنداق ئىش بار-

دەك ھېس قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بۇقا بۇرادەرلىرىدىن يىراقلىشىپتۇ. شىر ھەربىر بۇقىغا شۇنداق دەپ بۇ ئۈچ بۇقىنى بىر ـ بىرىدىن ياتلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇقىلارمۇ بىر ـ بىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشمايدىغان بوپتۇ.

شىرنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. شىر بىرىنچى بۇقىدغا تاشلانغان چاغدا، يىراقتىكى ئىككى بۇقا «خوپ بولدى» دېيىشىپتۇ. بىراق بۇ «خوپ بولدى» ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىغىمۇ يېقىنلىشىپتۇ. ئەتىسى بۇ ئىككى بۇقىمۇ شىرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپتۇ.

**ھېكمەت:**

شېرىن ـ شېكەر، ياغلىما سۆزلەرگە قۇلاق سالماڭ. ئىشەنچ دوستلارنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ.

ئىتتىپاقلىق بولسىلا باشقىلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ.

## 64

## تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ مۇسابىقىسى

تاشپاقا بىلەن توشقان كىم ئەڭ تېز يۈگۈرەيدۇ دەپ تالىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن مۇسابىقىلەشمەكچى بوپتۇ. مۇسابىقە باشلىنىش بىلەن توشقان، مەن ئەسلىدىنلا تېز يۈگۈرەيمەن، تاشپاقا قانداقمۇ مېنىڭ رىقابەتچىم بولالىسۇن؟ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، توشقان باشقا ھايۋانلارنىڭ تاشپاقىنى مازاق قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ.

توشقان يېرىم يولغا كەلگەندە كەينىگە قارىسا، تاشپاقىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، توشقان بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، دەپ ئويلاپ، دەرەخ سايىسىدا ئۇخلاپ قاپتۇ.

توشقان تۇيۇقسىز ساغرىسىنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئوتتەك قىزىغان قۇياش ئۈستىگە كېلىپ قالغان. توشقان دەرھال ئاخىرقى پەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. بىراق، تاشپاقا ئاللىقاچان كېلىپ بولغان، بىر توپ ھايۋانلار تاشپاقىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تەبرىكلەۋاتقانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرەيدىغان توشقان

مەغرۇرلۇق تۇپەيلى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئۆملەپ ماڭىدىغان تاشپاقىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئاستا بولۇشتىن قورقماڭ، پەقەت بەرداشلىق بېرىڭ. قەتئىي بەرداشلىق بەرسىڭىزلا ھاكاۋۇر، كۈچلۈكلەرنى يېڭىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

قارشى تەرەپنى كۆزگە ئىلماي بەخىرامان يۈرۈش قارشى تەرەپكە پۇرسەت بەرگەنلىك.

# 65

## بىلىقچى قۇش

بىلىقچى قۇش سۇ بويىدىكى خىلۋەت جايغا ئۇۋا سالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇۋىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن.

بىر قېتىم تۇخۇملاش مەزگىلى كەلگەندە بىلىقچى قۇش دېڭىز بويىدىكى قورام تاشنىڭ يېنىغا كەپتۇ:

— بۇ يەرگە ئۇۋا سالسام بولغۇدەك، ھەم پەس، ئادەملەر ئوڭايلىقچە بايقىيالمايدىكەن. بۇ ئۇۋا سېلىشقا كۆڭۈلدىكىدەك يەر ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورام تاشنىڭ ئاستىغا ئۇۋا ياساپ بالىلىرىنى بېقىپتۇ.

بىر كۈنى بىلىقچى قۇش ئوزۇق ئىزدەپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. بىلىقچى قۇشنىڭ ئۇۋىسى قورام تاشنىڭ ئاستىدىكى پەس جايدا بولغاچقا، دېڭىز تىنچ تۇرغاندا بىخەتەر بولغان بىلەن، بۇنداق دولقۇن بىلىقچى قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى، بالىسىنى يۇتۇپ كېتىپتۇ.

بىلىقچى قۇش قايتىپ كېلىپ دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈيىنى كۆرۈپتۇ، ھېلىقى قورام تاش سۇ ئاستىدا قالغان، باللىرىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن بېلىقچى قۇش نالە قىلىپ يىغلاپتۇ:

— مەن نېمىدېگەن بەختسىز، ئادەملەرنىڭ ئوۋلىشىدىن قېچىپ بۇ يەرنى خىلۋەت دەپ ئويلاپ، دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. ئەگەر بۇلارنى ئەتراپلىق ئويلىغان بولسام، ھازىر بۇنچە ئازابلانمىغان، ئارامخۇدا تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتىم، باللىرىممۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىمىغان بولاتتى.

ھېكمەت:

ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلىغاندا، يامان ئاقىۋەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلىسىڭىز، تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىسىز.

# 66

## چىشىنى بىلگەن بۆرە

بىر بۆرە ئوتلاقتا يېتىپ چىشىنى بىلەۋاتقانىكەن، بىر تۈلكە بۇنى كۆرۈپ:

— ھاۋا ياخشى، جاھان تىنچ، ھېچقانداق خەتەر يوق، كۆپچىلىك خۇشال - خۇرام تۇرسا سىنىڭ چىشىڭنى بىلىگىنىڭ نېمىسى؟ بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلغىنا بولمىسا، — دەپتۇ.

بۆرە ئۈن - تىنسىز چىشىنى بىلەۋېرىپتۇ. بىلىگەندىسېرى چىشى ھەم ئۇچلۇق، ھەم ئۆتكۈر بولۇپ كېتىپتۇ. تۈلكە ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— چىشىڭنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەستايىدىل بىلەيدىغىنىڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. قارا، ئورمان شۇنداق تىنچ، ئوۋچىمۇ، ئوۋ ئىتىمۇ، ھەتتا يولۋاسنىڭ قارىسىمۇ يوق، مۇشۇنداق چىش بىلەش ساڭا قىزىق ئويۇن بىلىنىۋاتامدۇ !؟

بۆرە توختاپ دەپتۇ:

— مەن چىش بىلەپ ئويناۋاتقىنىم يوق. ئەگەر بىر كۈنى ئوۋچىلار ياكى يولۋاس قوغلاپ كەلسە، مەن چىش بىلەي دېسەممۇ ئۈلگۈرەلمەيمەندە . ھازىر بىكار بولغاندىكىن چىش

بىلەپ قوياي، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈمنى قوغدايمەن، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرمايمەن.

**هېكمەت:**

كەلكۈن كەلگىچە توغان سېلىڭ، كۈلگەندە يىغىنى ئۇنتۇماڭ. تەييارلىقىڭىز بولسىلا تويۇقسىز خەتەر ۋە ئاۋارىچىلىككە يولۇققاندا تەمتىرەپ قالمايسىز.

## 67

# باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولغان قۇشقاچ

بىر ياۋا توشقان دالىدا ئوتلاۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز بىر بۈركۈت ئوقتەك كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. تۇيۇقسىز بالا - قازادىن توشقاننىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئېچىنىشلىق نالە - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ.

بۇ چاغدا بىر قۇشقاچ بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىكى توشقاننى كۆرۈپ، مازاق قىلىپ دەپتۇ:

— سىلەر توشقانلار يەل تاپان ئەمەسمىدىڭلار؟ مۇشۇنداق گۈزەل نامىڭلار تۇرسا يەنە نېمىدەپ بۈركۈتكە تۇتۇلغانسەن؟ پۇتۇڭدا كېسەل بارمۇ ياكى ئېتىڭلار ئۇلۇغ، سۇپۇراڭلار قۇرۇقمىدى؟

قۇشقاچ توختىماي ۋىچىرلاپ كۆرەڭلىگەن هالدا قاندىتىنى قېقىپتۇ.

قۇشقاچنىڭ بۇ كۆرەڭ تۇرقى ۋە هەرىكىتى يەنە بىر بۈركۈتنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ، ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ قۇشقاچنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە شۇ يەردىلا يەۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان توشقان دەپتۇ:

— يائاللا، ئۇ تېخى بايىلا مېنىڭ بەختسىزلىكىمدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى، مانا ئەمدى مەندىن بۇرۇن بەختسىزلىككە يولۇقتى.

**ھېكمەت:**

بالا ـ قازا ئەنە شۇنداق باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولىدىغان ئادەملەرگە ئامراق. باشقىلارنىڭ يىغىسىدىن كۈلىدىغانلار ئاخىرىدا ئۆزى يىغلايدۇ. بىراق ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن يىغلايدۇ.

يىغلىماسلىقىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇ يىغلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

## 68

# قۇشلارنىڭ پادىشاھ سايلىشى

بىر كۈنى، سوپىسوپىياڭ قۇشلارغا تەكلىپ بېرىپتۇ:

— بىز قۇشلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىمىزگە باش بولالاي-دىغان بىر قۇشنى پادىشاھلىققا سايلىساق قانداق؟

قۇشلارنىڭ ھەممىسى بۇ تەكلىپنى قوللاپتۇ.

بۇ چاغدا پادىشاھ بولۇشنى ئويلاپ يۈرگەن توز ئېغىز ئېچىپتۇ:

— كۆپچىلىك مېنى سايلاڭلار. مېنىڭ پەيلىرىم ئەڭ چىرايلىق، — توز چىرايلىق پەيلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ ئال-دىدا كۆز - كۆز قىپتۇ.

شاتۇتمۇ ئەگىشىپ دەپتۇ:

— مۇشۇنداق چىرايلىق قۇش بىزگە پادىشاھ بولسا، بۇ بىز پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىش. بىز توزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى!

بۇ چاغدا قۇشقاچ قوشۇلماي:

— دۇرۇس، توز چىرايلىق، بىراق بىزگە ئوخشاش ئا-جىز جانىۋارلارغا باشقىلار ھۇجۇم قىلسا توز بىزنى قانداق قوغدايدۇ؟ چىرايلىق پادىشاھ سايلىغاندىن كۆرە، خەتەرلىك

چاغلاردا كۆكرەك كېرىپ بىزنى قوغدىيالايدىغان پادىشاھ سايلىغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

قۇشلار قۇشقاچنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باش لىڭشىتىپ قوشۇلۇپتۇ.

ئاخىر كۆپچىلىك بىلەن تاشلاش ئارقىلىق ئەڭ كۈچلۈك، قورقماس بۈركۈتنى قۇشلار پادىشاھى قىلىپ سايلاپ چىقىپتۇ.

**ھېكمەت:**

ئەمەلىي كۈچ بىلەن سېلىشتۇرغاندا گۈزەللىك جەكلىك بولىدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىش — ھاياتلىقنىڭ زىننىتى. ئەمەلىي كۈچ بىلەن ئۇيۇلىشمىغان تاسادىپىيلىققا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەڭ مۇھىم.

# 69

## پادىچى بىلەن تايغان

تايغان پادىچىغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىقىپ بىر توشقاننىڭ ئىزىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، تايغان توشقاننى تۇتۇپ ئىگىسىدىن تارتۇق ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن سەزگۈر توشقان ئۆزىگە كەلگەن خەتەرنى تېزلا بايقاپ بەدەر قېچىپتۇ. تايغان توشقاننى قوغلىغان بولسىمۇ يېتىشەلمەپتۇ.

تايغان سالپىيىپ قايتىپ كەپتۇ. پادىچى تايغاننى مەسخىرە قىلىپ:

— توشقانغا قارىغاندا سەن چوڭ ھەم كۈچلۈك، بىراق توشقان سەندىن تېز يۈگۈرۈپ قېچىپ كەتتى. سەن ھەقىقەتەن يارامسىز ئىكەنسەن. بۈگۈن ساڭا چۈشلۈك تاماق يوق، — دەپتۇ.

— تايغان بۇنى ئاڭلاپ دەپتۇ:

— خوجايىن، سىز ئۇقمايسىز، مەن بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن يۈگۈرسەم، توشقان ئۆزىنىڭ جېنى ئۈچۈن يۈگۈرەيدۇ ئەمەسمۇ؟

پادىچى كۈلۈپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئەمىسە مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئەگەر سەن يەنە

ئولجا ئالالمىساڭ مەن سېنى ئولجىنىڭ ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، تايغان ئىلگىرىكىدىن تېز يۈگۈرەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

بېشىم دېمەك كۈچ دېمەكتۇر. ئادەم ئىش قىلغاندا قوزغالغان كۈچ بىلەن بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭدىكى مەنپەئەت ئۇلۇغ تاناسىپ بولىدۇ.

# 70

## جاھىل ئېشەك

دېھقان ئېشەكنى ھەيدەپ يولغا چىقىپتۇ. دېھقان ئې-شەككە يولنىڭ ياخشى تەرىپىدىن مېڭىشنى جېكىلىگەن بولسىمۇ، بىراق جاھىل ئېشەك ئىگىسى بىلەن قېرىشقان-دەك، بىردەم مېڭىپ يەنە ياخشى يولدىن چەتنەپ ئەگرى - بوگرى تاغ يولىغا مېڭىپتۇ. دېھقان قارىسا ئالدى تەرىپى تىك قىيالىق، ھاپىلا - شاپىلا ئېشەكنى توختىتىپ:

— سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ مەن بىلەن ئېيتمىش-ما،ئەگەر يەنە ماڭساڭ جېنىڭدىن جۇدا بولىسەن، — دەپتۇ كايىپ.

بىراق ئېشەك يەنىلا ئۆزىنىڭ يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. قا-رىسا ئېشەك پۇتلىشىپ قىياغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، دېھ-قان ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋاپتۇ. بىراق تەرسا ئېشەك يەنىلا تىركىشىپ دېھقاننىڭ قولىدىن بوشانماقچى بوپتۇ ۋە ئالدى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

— مەن ساڭا باش ئەگمەيمەن، مەن بىلەن كارىڭ بول-مىسۇن، — دەپتۇ ئېشەك ۋارقىراپ.

دېھقاننىڭ ئېشەكنى تارتىۋېلىشقا كۈچى يەتمەي ئامال-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىز قويۇپ بېرىپتۇ:

— ئەگەر بۇنداق تەرسالىق قىلساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن، بىراق ئاستى تەرەپ ياخشى جاي ئەمەس، بولدى، سەن ئۇتقان بول، بىراق سېنىڭ بۇ غەلىبەڭ بەك ئېچىنىشلىق بولدى.

**ھېكمەت:**

خاتا يۈرۈلۈشكە ئېسىلىۋېلىش قەتئىيلىك ئەمەس، بەلكى جاھىللىقتۇر. جاھىللار دائىم ئۆزىنىڭ مەيدانىدا ئۇتقان بىلەن، نەتىجىسى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

# 71

## باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر

ئادەتتە ئىنتايىن يېقىن ئۆتىدىغان ئىككى دوست ساياھەتكە چىقىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئىككىيلەن ئورماندا كېتىۋاتسا ئالدى تەرەپتىن ئىنتايىن يوغان بىر ئېيىق چىقىپ ئۇلار تەرەپكە كەپتۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى چاققانلىق بىلەن دەرەخكە چىقىۋاپتۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىنى سەزگەندە ئېيىق يېقىنلاپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن دەرەخكە چىقىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، «ئېيىق ئۆلگەن ئادەمنى يېمەيدۇ» دېگەن گەپنى ئېسىگە ئېلىپ دەرھال ئۆلگەن بولۇۋېلىپ يېتىۋاپتۇ.

ئېيىق ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر نەچچە رەت پۇراپتۇ ۋە ئۆلگەن ئادەمكەن دەپ ئويلاپ، كېتىپ قاپتۇ. ئېيىق كەتكەندىن كېيىن دەرەخكە چىقىۋالغان ھېلىقى دوستى چۈشۈپ سوراپتۇ:

— ئەقلىم ھەيران، بايا ئېيىق سېنى يەۋەتمىدى، مەن ئېيىقنىڭ قۇلىقىڭغا بىر نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلدىمغۇ، ماڭا دەپ بېرەلەمسەن؟

ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرىۋالغان دوستى سىپايىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئېيىق ماڭا، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىل، ئۇنداق جاپا - مۇشەققەتتە بىرگە بولالمايدىغان دوستۇڭ بىلەن يولغا چىقما، دېدى.

**ھېكمەت:**

دوستنىڭ دوستلۇقى باشقا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر، سەن بىلەن جاپادا بىرگە بولىدىغان ئادەملا سېنىڭ ھەقىقىي دوستۇڭ.

خەتەر ۋە قىيىنچىلىقتا سېنى تاشلىۋەتكەن ئادەم سېنىڭ دوستۇڭ بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سېنى دوستىمۇ دەپ قارىمايدۇ.

تۇرمۇشنىڭ بىرگە جاپا - مۇشەققەتنى ئاتا قىلغانلىقىغا كۆپ رەھمەت، بۇ جەرياندا ھېچبولمىغاندا سىز ھەقىقىي دوستلىرىڭىز ۋە تۇغقانلىرىڭىزنى چۈشىنىۋالالايسىز.

# 72

## ئېشەك بىلەن تومۇزغا

ئېشەك ئوتلاۋېتىپ تومۇزغىنىڭ يېقىملىق ناخشىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ يېقىملىق ناخشىنى ئاڭلىغانسېرى مەست-خۇش بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ.

ئەگەر مەنمۇ تومۇزغىغا ئوخشاش يېقىملىق ئاۋاز چىقىرالىغان، ناخشا ئېيتالىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ! ئېشەك شۇلارنى خىيال قىلىپ تومۇزغىدىن سوراپتۇ:

— سېنىڭ ئاۋازىڭ ھەقىقەتەن يېقىملىق ئىكەن، قانداق قىلىپ مۇشۇنداق يېقىملىق ئاۋاز چىقىرالايسەن؟ بۇنىڭدا بىرەر سىر بارمۇ؟

— سىر؟ نېمە سىر بولسۇن، بىراق ئاۋازىمنىڭ مۇشۇنداق يېقىملىق چىقىشى دائىم شەبنەم سۈيى ئىچىشىم بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ تومۇزغا، — شەبنەم دېگەن ئېسىل نەرسە جۇمۇ !...

ئېشەك بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ. چۈنكى شەبنەم دېگەن ئېشەككە نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئوڭاي تاپقىلى بولىدىغان نەرسە - دە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئالدىرىسى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ئېشەك ھەر كۈنى ئوت يېمەي، شەبنەم سۈيىنىلا ئىچىپتۇ، نەتىجىدە ئوزۇق ئۆتمەي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ.

**ھېكمەت:**

تۇغقۇزى تەل بولىدىغان ئىش يوق. بەش بارماقمۇ تەڭ ئەمەس. باشقىلاردا بار قابىلىيەتنى ئۆزۈمدە بار قىلىمەن دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئالاھىدىلىكىڭىزگە ئاساسەن ئارتۇقچىلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرسىڭىزلا بولىدى.

# 73

## جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى

شەپەرەڭ، تىكەن ۋە چايكا، دېڭىز ناھايىتى كەڭرى بازار، ئۇ يەرگە بارسا ناھايىتى كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۈچى دېڭىزغا بارماقچى بوپتۇ.

شەپەرەڭ بارلىق بىساتىنى سېتىپ، يەنە ئۇ يەر - بۇ يەردىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ بىر ئاز دەسمايە توپلاپتۇ؛ تىكەن نۇرغۇن كىيىم - كېچەك سېتىۋاپتۇ؛ چايكا دېڭىزدىكىلەرنىڭ يېمەكلىكى چوقۇم بىر خىللا دەپ ئويلاپ كونسىرۋا ئېلىۋاپتۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن، يېرىم يولدا قارا بوران چىقىپ كېمىنى دولقۇن يۇتۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇلار ئامان - ئېسەن قۇرۇقلۇققا قايتىپ كەپتۇ.

بىراق، شۇنىڭدىن باشلاپ، شەپەرەڭ قەرز ئىگىلىرىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ كۈندۈزى مۆكۈنۈپ يېرىم كېچىدە، ئەل ئايىغى بېسىققاندا ئاندىن سىرتقا چىقىدىغان بوپتۇ؛ تىكەن كىيىملىرىمنى باشقىلار كىيىۋالمىغان بول-مىسۇن يەنە دەپ، بارلىق دوست - بۇرادەر، تۇغقانلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يول بويىغا تۇرغۇزۇپ، ئۆتكەن ئادەملەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ كىيىمىمۇ، ئەمەسمۇ قاراپ چىقىدىغان بوپتۇ؛ چايكا كۈن بويى دېڭىز بويىدا ئۇياق ــ بۇياق ئۇچۇپ، يوقاپ كەتكەن كونسېرۋاسىنى دېڭىز دولقۇنىنىڭ قىرغاققا چىقىرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، بەزىدە دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ قاراپ باقىدىكەن.

ئۇلارنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرى يىتكەن نەرسىلىرىنى ئىزدەش بىلەن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ تاكى ھازىرغىچە ئىزدەيدىكەن.

**ھېكمەت:**

بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ئىشلارغا جاھىللىق بىلەن چاپلىشىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىش ئاللىقاچان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان.

مەغلۇب بولسا قايتىدىن باشلىسا بولىدۇ، بىراق پۇرسەت پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ.

# 74

## ئوغری بىلەن ئۆي ئىتى

بىر دېھقان بىر ئىت بېقىۋاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېتىزغا بېرىپ ئىشلەيدىكەن، كېچىسى ئىتنى دەرۋازىغا قاراشقا قويۇپ، ئوغرىدىن ساقلىنىدىكەن. دېھقان ئىتقا ئىنتايىن كۆيۈنگەچكە ئىت ئۆزىنىڭ دەرۋازىغا قاراش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىپتۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن دېھقاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئىت سىرتتا دەرۋازىغا قاراپتۇ. بۇ چاغدا بىر ئوغرى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېقىنلىشىپتۇ، ئاندىن تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشۈپتۇ. ئىت بىر قارا كۆلەڭگىنى غىل - پال كۆرۈپ قېلىپ، بىرى ئوغرىلىققا كىردى دەپ ئويلاپ قاتتىق قاۋاپتۇ.

ئوغرى ئىتنىڭ توختىماي قاۋاۋاتقانلىقىنى، پىلاننىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە بولكىنى چىقىرىپ ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ ۋە بوش ئاۋازدا ئىتقا دەپتۇ:

— ھاي، قاۋىما، بۇ بولكىنى ساڭا بەردىم.

ئىت ئوغرىغا قارىۋېتىپ دەپتۇ:

— سېنىڭ مەقسىتىڭ ماڭا ئايان، بولكىنى ماڭا بېرىشىڭ مېنىڭ ئىگەمنى ئويغىتىۋەتمەسلىكىم، ئىگەمنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىشىڭ ئۈچۈندۇر. ئەگەر سەن ئىگەمنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاپ كەتسەڭ، بۇنىڭغا مەنمۇ چېتىلىپ قالىمەن، ئىگەم مېنىمۇ جازالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ كۈن كەچۈرەلمەيمەن؛ ئەگەر سەن ھەممەيلەننى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ بۇ بىر بولكا مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوزۇقۇم بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە مەنمۇ ياشىيالمايمەن؛ ئەگەر سەن ياخشى نىيىتىڭ بىلەن، مېنى قورسىقى ئېچىپ كەتتى دەپ بۇ بولكىنى بېرىپ مېنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولغان بولساڭ خاتالىشىپسەن، مەن بىر پارچە بولكا ئۈچۈن بۇرچۇمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. مەن قاۋاپ ئىگەمنى ئويغىتىپ، ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن. مەن كۆز ئالدىمدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلاردىن ئەمەس.

ئوغرى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، قايتىپ كېتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

كۆز ئالدىڭىزدىكى مەنپەئەت ۋە ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدانماڭ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە كەلگۈسىنى ئويلاڭ.

كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت ھەقىقەتەن ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ. بىراق كەلگۈسىدە ئۇنداق جەلپ قىلالماسلىقى ياكى ئېغىز ئاچقىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

## 75

# قودۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئاسترونوم

بىر ئاسترونوم يۇلتۇزلارنى ناھايىتى كۆپ تەتقىق قىپتۇ، ئۇزۇندىن بېرى ھەركۈنى كەچتە سىرتقا چىقىپ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقانىكەن.

بىر كۈنى ئۇ شەھەر سىرتىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاسماننى كۆزىتىپتۇ. ئۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىراق، ئېھتىياتسىزلىقتىن قودۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئاسترونوم قودۇق ئاستىدا تۇرۇپ ئۈنلۈك توۋلاپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قودۇقتىن ئاسترونومنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. كىشىلەر ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇققاندىن كېيىن بىرى ئاسترونومغا دەپتۇ:

— ھەي دوستۇم، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن ئاسماندىكى نەرسىنى كۆزىتىپسەنۇ، بىراق يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرگە دىققەت قىلماپسەن.

**ھېكمەت:**

ئادەم ئالدى بىلەن ئادەتتىكى ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، ئاندىن چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك.

ئىش قىلغاندا بىرنەرسىگە قارىماي، مۇھىمىغا قاراپ، ئادەتتىكىسىگە سەل قارىماي، ئۇنتۇپ قالماي، تۆۋەنگىمۇ ئوخشاش قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

# 76

## ئەۋزەللىك

بىر ئوغلاق ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، كېلىۋاتقان بۆرىنى مەسخىرە قىپتۇ. بۆرە دەپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، مېنى تىللاۋاتقان سەن ئەمەس، بەلكى سەن تۇرۇۋاتقان ئۆگزىنىڭ ئەۋزەللىكى !

**ھېكمەت:**

پايدىلىق شارائىت ۋە پۇرسەت ئادەم ۋە كۈچلۈكلەرگە ھەمىشە قارشىلىشىش جاسارىتى ئاتا قىلىدۇ.

پادىشاھلار ماددىي بايلىق ئىگىلەيدۇ، كىم ئەڭ كۆپ بايلىق ۋە پايدىلىق شارائىتنى ئىگىلەيدىكەن، شۇ كۈچلۈكتۇر.

# 77

## مەرگەن بىلەن شىر

بۇرۇن بىر مەرگەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ تاغقا بېرىپ ئوۋ ئىزدەپتۇ. ئورماندىكى جان - جانىۋارلار مەرگەننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ. پەقەت ھاكاۋۇر شىرلا مەرگەنگە جەڭ ئېلان قىپتۇ.

مەرگەن شىرغا قارىتىپ بىرتال ئوق ئۈزۈپتۇ ۋە دەپتۇ:

— بۇ ساڭا بېرىلگەن سىگنال، سەن بۇنىڭدىن مېنىڭ سېنى ئېتىۋالىدىغانلىقىمنى بىلىۋال !

شىر يارىلىنىپ قورققىنىدىن بەدەر قېچىپتۇ. تۈلكە شىرغا باتۇرراق بولۇش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ.

— ئۇنىڭ بىر تال ئوقى شۇنچىلىك يامان تۇرسا، مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زەربىسىگە قانداق بەرداشلىق بېرەلەيمەن، — دەپتۇ شىر.

**ھېكمەت:**

زەربە بەرگىلى بولمايدىغان كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندە باشقا نەرسىلەردىن پايدىلانسىڭىز پۇرسىتى كەلگەندە ھېچقانچە كۈچىمەيلا غەلىبە قىلالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

78

# ئاتا ـ بالىنىڭ ئېشەككە مىنىشى

بۇرۇنقى زاماندا، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بازاردىن بىر ئېشەك سېتىۋاپتۇ. ئۆيگە قايتىشىدا، ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ، ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر مازاق قىلىپ:

— قاراڭلار ئاۋۇ ئەخمەقلەرگە، ئېشەك تۇرسىمۇ مىنمەي پىيادە ماڭغىنىنى، — دېيىشىپتۇ.

— توغرا، توغرا، — دادىسىغا بۇ گەپ ئورۇنلۇقتەك بىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئۆزى پىيادە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا، قارشى تەرەپتىن كەلگەن ئىككى ئادەم يەنە:

— بۇ قانداق ئوغۇل بالا، دادىسىنى پىيادە قويۇپ ئۆزى ئېشەككە مىنىۋالغىنىنى كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

دادىسى بۇنى ئاڭلاپ، ياخشى بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوغلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۆزى مىنىپتۇ. ئوغلى ئېشەكنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ مېڭىپتۇ.

بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر سۈتچى قىز ئۇچراپتۇ. قىز ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا:

— قانداق باغرى تاش دادا بۇ، ئۆزىنىڭ بالىسىغىمۇ

مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلغان بارمۇ؟ بۇ بالا نېمىدېگەن بىچارە، — دەپتۇ.

دادا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىنتايىن ئۆكۈنۈپتۇ ۋە ئوغلىنىمۇ مىنگەشتۇرۇپ مېڭىپتۇ.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن مىنگەچكە ئېشەك پۇتلىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ، نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، ئىنتايىن ھېرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر يولۇچى بېشىنى چايقاپ:

— بۇ ئادەملەرنى كۆرۈڭ، ئېشەك ئاجىز جانىۋار تۇرسا، بىر ئادەم مىنسە بولمامدۇ، بۇ ئېشەككە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ:

— ئەگەر ئېشەك ئىككىمىزنى كۆتۈرەلمەي بىر نەرسە بولۇپ قالسا، ساتالماي قالمايلى يەنە، بىز ئەڭ ياخشىسى ئېشەكنى يۈدۈۋالايلى.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئېشەكنىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ، كالتەك بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئېشەك ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاغرىق دەستىدىن ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرغاچ، توختىماي تېپىنچەكلەپتۇ. ئېشەكنىڭ تېپىنچەكلىشىدىن كالتەك تۇيۇقسىز سۇنۇپ، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ ئېشەك دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ سۇغا غەرق بوپتۇ.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، سالپىيىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

**ھېكمەت:**

باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ياشىماڭ، باشقىلارنىڭ گېپى بىلەن ھېلى ئۇنى ـ بۇنى قىلىدىغان كىشىلەر ئەخمەقلەردۇر.

باشقىلارنىڭ قارىشى ۋە پىكرىنىڭ دەرۋەقە پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار، بىراق ئەڭ مۇھىمى ئۆزىڭىزنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 79

## شىر بىلەن بۆرە

شىر بىلەن بۆرە بىر بۇغىنى تەڭلا كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بۇغىنى بىرگە ئوۋلايدىغان، ئاندىن ئولجىنى تەڭ بۆلۈشىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئۇلار چىن كۆڭلىدىن ماسلاشقان بولغاچقا ھەمكارلىقىمۇ ئوڭۇشلۇق بوپتۇ. بۆرە بۇغىغا ئېتىلىپ يەرگە يىقىتىشىغىلا، شىرمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بۇغىنىڭ بويىنىدىن ئاپتۇ. بۇغا تىپچەكلەپ بىر ئازدىن كېيىن جان بېرىپتۇ.

ئولجىنى تەقسىم قىلىدىغان چاغمۇ كەپتۇ، بىراق بۇ چاغدا شىر بۇغىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋالماقچى بوپتۇ. بۆرە شىرنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى جاپا تارتىپ قولغا كەلتۈرگەن ئولجىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كۈچلۈك قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— بۇغىنى مەن يىقىتقان، قائىدە بويىچە يېرىمى مېنىڭ، ھازىر سەن ھەممىنى ئىگىلىۋالماقچى، نېمە دېسەڭ بىكار!

— ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، بۇغا قېچىپ كېتەتتى،

قائىدە بويىچە بۇغا مېنىڭكى !

بىر ئاز تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، -ئىش ھەل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، شىر بۆرىنى ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. «ئەگەر بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، ئىككى ئۈلۈش ئولجىغا ئېرىشىمەمدىم». شۇنىڭ بىلەن، شىر ئۈن - تىنسىزلا بۆرىنى يەرگە بېسىپتۇ. بۆرىمۇ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي، جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن شىر ھايۋانات پادىشاھى - دە، بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن شىر بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. لېكىن بۆرىنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلىنىپ ئولجىدىن بەھرىمەن بولالماپتۇ.

ھېكمەت:

ئەمەلىي مەنپەئەت ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك مەنپەئەتتىن قارىغاندا، «سەن ئۆلمىسەڭ، مەن ھالاك بولىمەن» دەيدىغان سەپسەتىنىڭ قىلچىلىك پايدىسى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

80

# ئىككى ئاتنىڭ تەقدىرى

ئىككى ئات ئايرىم - ئايرىم ئىككى هارۋىنى سۆرەپ، يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئالدىدىكى ئات تەكشى، سىلىق مېڭىپتۇ. كەينىدىكى ئات بولسا بارا - بارا هالسىزلىنىپ، توختاپ - توختاپ ئارام ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئىككى هارۋىنىڭ تەڭ مېڭىشى ئۈچۈن خوجايىن كەينىدىكى هارۋىنىڭ يۈكىنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىدىكى هارۋىغا يۆتكەپ، كەينىدىكى هارۋىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپتۇ. كەينىدىكى ئات يۈكىنىڭ يەڭگىللىشىدىن راھەت هېس قىلىپ، تېزلا ئالدىدىكى ئاتقا يېتىشىۋېلىپ، تەڭ ئىلگىرىلەپتۇ.

كەينىدىكى ئات ئالدىدىكى ئاتقا دەپتۇ:

— قارا ئۆزۈڭگە، جاپا تارتىپ هېرىپ كېتىپسەن. سەن قانچە ئىشلىگەنسېرى خەق سېنى شۇنچە قىينايدۇ. ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ.

ئالدىدىكى ئات دەپتۇ:

— بىراق ئاخىرقى نەتىجىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!

ئۇلار قۇشخانىغا كېلىپ توختاپتۇ.

— ئالدىدىكى ئېتىم ناھايىتى ياراملىق، ئىككى ئاتقا تېگىشكۇسىز ! ئىككى ئات باققاندىن كۆرە، ئىككى ئاتنىڭ يەم - بوغۇزى بىلەن بىر ئاتنى باققىنىم ياخشى ئىكەن. يەنە بىر ئاتنى دەرھال سويىۋېتىڭ، ھېچبولمىسا تېرىسىنى بولسىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ !

خوجايىن راستتىنلا دېگىنىدەك قىپتۇ.

ھېكمەت:

ئاكتىپ ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ ئېغىرىدىن قېچىپ، يېنىكىنى ئاللايدىغان ئادەمدىن ئەڭ چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇلار ھەققى بىلەن ھېساپلاشماي تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا رازى بولىدۇ.

ئۆزىڭىزگە بۆلۈنگەن خىزمەتنى ئادا قىلالمىسىڭىز، سىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى ئەجەللىك زەربە ۋە ئازاب بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خاربىن نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据哈尔滨出版社2004年9月第1版，2004年9月第1次印刷本选译出版。

# ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر

پىلانلىغۇچى: ئادىلجان ئابدۇسالام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت، مېھرىگۈل ئوبۇل
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.125
نەشرى: 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاي 5 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 12001—16000
كىتاب نومۇرى: ISBN978 − 7 − 228 − 09924 − 5
باھاسى: 9.30 يۈەن